# چەتئەل كۆرگەن ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەت

## مەمتىمىن ئەلاغا خاس سوئال ۋە ئۇنىڭ جاۋابى

**ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!**

بىلگىيىدە پەلسەپە پەنلىرى بويىچە دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان تەتقىقاتچى، يازغۇچىمىز مەمتىمىن ئەلا "چەتئەل كۆرگەن ئۇيغۇرلار بىلەن سۆھبەت" نامىدىكى پائالىيەتىمىزنىڭ قىزغىن قوللىغۇچىسى، تەشكىللىگۈچىسى بولۇپلا قالماستىن، بىر ئەستايىدىل قاتناشقۇچىسى سۈپىتىدە تولىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن، شۇنچە ئالدىراشلىق ئىچىدىن ئاتايىن ۋاقىت چىقىرىپ، بىر قاتار سۈپەتلىك جاۋابلارنى يوللىدى. بۇ يوللانمىلارنى "جاۋاب" دېگەندىن كۆرە، كاۋاكلىرى ھەم ئېتىلگەن بىر ئىلمىي ئەسەر دېگەن تۈزۈك. مەمتىمىنكامنىڭ بۇ جاۋابلىرىدىن بىر قىسمىنى بۇ يەردە ئاشكارە ئېلان قىلدىم. تولۇق تېكىستى كىتاب يۈزىدە بېرىلگۈسى. جاۋابلار چاپلىنىشتىن بۇرۇن بۇ يەردە مەن سۆھبىتىمىزنىڭ 2- قىسمى بولغان مەخسۇس شۇ شەخسكە قارىتىلغان سوئاللارنى سوراشنى باشلايمەن. بۇ قېتىم مەمتىمىن ئەلاغا چىقىرىلغان سوئاللارنىڭ بىر قىسمى خېلى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە. شۇڭا ئۇنىڭغا باشقىلارمۇ جاۋاب بەرسە بولىدۇ.

مەمتىمىن ئەلا كۆپچىلىككە چىقارغان سوئاللاردىن ئۆزىنىڭ جاۋاب بېرىش دائىرىسىدىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ تۈگەتتى. بۇ جاۋابلار كىتاب بېتى بويىچە ھېسابلىغاندا تەخمىنەن 80 بەت ئەتراپىدا بولدى. ئەمدى مەن ئۇنىڭ ئۆز تەكلىپى بويىچە بىر نەچچە سوئال چىقاردىم. تۆۋەندە ئاۋۋال ئۆزۈم سورىغان جاۋابلارنى يازاي، ئۇنىڭدىن كېيىن مەمتىمىن ئەلانىڭ جاۋابلىرىنىڭ مەلۇم قىسىملىرىدىن ئۈزۈندە

چاپلايمەن. تورداشلارنىڭ ئۆز-ئارا يەتكۈزۈپ ياكى ماڭا ئۇچۇر بېرىپ، تېخىمۇ كۆپ چەتئەل كۆرگەن ئۇيغۇلارنى بۇ سۆھبەتكە جەلپ قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

**ھۆرمەتلىك مەتمىننىكا، خۇددى مەن سىزگە يازغان خۇسۇسي مەكتۇپتا دېيىلگىنىدەك، مەن يوللانمىلىرىڭىزنى بىر- ئىككى قېتىم ئوقۇپ چىققان بولساممۇ، لېكىن ئۇنى خېلى ئوبدانلا ھەزىم قىلىش ئۈچۈن خېلى بىر مەزگىل كېرەك. بولۇپمۇ سىزگە مەلۇمكى، بەزى پەلسەپىۋي ئەسەرلەرنى پەش-چېپتىلىرىگىچە سىڭۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا مەن ئۆزۈمنىڭ تولۇق ھەزىم قىلىشنى كۈتمەيلا ئىككى كۈن ئىچىدە دەمال كاللامغا كەلگەن سۇئاللارنى سوراشقا باشلىدىم. ئەلۋەتتە، كاللىدا سۇئال كۆپ، لېكىن سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئويلاپ، بىر نەچچە سۇئالنىلا يازدىم.**

**خۇددى سىزنىڭ "تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە" ناملىق كىتابىڭىزغا ئوخشاشلا بۇ قېتىمكى يازمىلىرىڭىزدىنمۇ بىلىمگە، ۋەتەنگە، مىللەتكە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىڭىزنى ھىدلاپ تۇرۇپتىمەن. شۇڭا مېنىڭ سۇئالىم مانا موشۇ ئۈچ مەسىلە ئۈستىدىراق بولىدۇ.**

**1- مىللەت ھەققىدە:**

**مىللەتنىڭ ئىللەتلىرىنى ئەختەم ئۆمەر قاتارلىق يازغۇچىلىرىمىز سۆزلەپ بىر يەرگە ئاپاردى. تەخمىنەن 10-20 چە قەلەمكەشمىز 90- يىللاردىكى شۇ چاپ-چاپ قايىنامغا بېشچىلا سەكرەپ چۈشتى. بۇنىڭغا "ئۇششاق لۇشۇن"، "ئۇششاق ئالىم"لىرىمىزنى قوشساق بىرەر يۈزگە بېرىپمۇ قالار. ھەتتا**

ئابدۇرەئۇپ پولاتتەك مۆھتەرەم تىلشۇناسىمىزمۇ "ئەبگاھ ئۇيغۇر" (شىنجاڭ مەدەنىيىتى ژۇرنىلىغا ئەۋەتكەن قول يازمىسىدا شۇ ماۋزۇنى ئىشلەتكەن، قۇربان مامۇت ئۇنى "بىزدىكى ئەبگاھلىقلار"دەپ سىلغايتىپ قويغان. بۇ ئىزاھنى قۇربان مامۇت شۇ ئەسەرنىڭ خاتىمىسىدە ئاشكارە ئېلان قىلغان) دېگەن چاتما يازمىسى بىلەن تىلشۇناسلىق قىلىپ تونۇلمىغان ئىسمىنى بىر ئوبدانلا تونۇتتى. مەن بۇ يەردە ئۇلارنى ئېپىپلىماقچى، توغرا-خاتاسىنى ئايرىماقچى ئەمەس. ئىش ئۆتتى، تەسرى قالدى. مەن ئۇ يىللاردا تېخى تولۇقسىز ئوتتۇرىدا ئىدىم. بەزى خاتالىقلارغا ئەسەر ئېلان قىلىپ، ساقاللارغا ياماشقۇدەك جۆرئەتىم يوق ئىدى، ھېلىھەم تەرەت بوش. بۇ بىر قاتار يازمىلارنىڭ سۈپەتلىكمۇ، ئەخلەتلىرىمۇ بولدى. پايدىسىمۇ، زىيىنىمۇ بولدى. بۇ بىزنىڭ بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە دائىرىمىزدە ئەمەس، شۇڭا تەپسىلىي توختىلىپ بۇغداي-سامىنىنى ئايرىپ يۈرمەيمىز. ئەپسۇسكى، كېيىن ئىش ئىزىدىن چىقىپ، ئۆپكىسى يوق بىر تالاي كىشىلەر ھەرقانداق بىر تۆركۈمدىكى ئىنسانىدا سادىر بولىدىغان ئىشلارنى مىللەتكە دۆڭگىلى تۇردى. بىر شەخس بىلەن ئازراق تالاش-تارتىش بولۇپ قالسىمۇ "زادى بىز خەق دېگەن..." دەپ پرىنسىپقا كۆتۈرۈۋالدى. شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى نەدىكى بىر ئاتام كۆرمىگەن قەلەندەرلەرمۇ بىزدىن ئىللەت ئىزدەپ يۈرىدۇ. كوچىلاردا ھە دېسىلا "زادى بىز ئۇيغۇر دېگەن پالان-پوكۇن" دېگەن گەپلەر مودا بولدى، دېسەكمۇ مۇبالىغە بولماس.

ئەمدى ، بىز بىلىپ-بىلمەي سۆزلەۋاتقانلارغا "ئىللەتلىرىمىزنى دېمە، بىز دېگەن نوچى!" دېيەلمەيمىز. لېكىن بىر ئادەم تەكرار-تەكرار مەغلۇب بولسا، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھېلى چىشى قالمىغان مومىسى، ھېلى چىش چىقمىغان

بالىسمۇ تاپا-تەنە قىلىپ: "سەن زادى يارىماس، ھېچكىم سەندەك ناچار ئەمەس" دېگىلى تۇرسا، ئۇ كىشىنىڭ روھى تېخىمۇ چۈشۈپ، ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسى بارغانچە كەملەپ، ھەممىلا ئىشنى مىللەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، مىللىي كەمتۈكلۈكتىنلا كۆرۈپ، سەزگۈرلىشىپ كېتىدىكەن. ھازىرغۇ بۇ خىل يازمىلار مەتبۇئاتلىرىمىزدىن سەل يوقالدى. مانا ئەمدى بۇ سۆكۈشلەردىن ئېلىنغان تېرمىنلار كوچىلاردا كىتابنى چالاپ ئوقۇپ سوغۇقى ئېشىپ كەتكەنلەرنىڭ ئېغىزىغا كۆچتى. بەزىلەرنىڭ يازمىلىرىغا، گەپ-سۆزلىرىگە قاراپ:"ۋاي دات! ئېغىزىڭنى يۇم! ماۋۇ نەچچە يۈز يىل ئازاب چەككەن ئاناڭنى تىللىما، كۆپچىلىكتە سېنىڭ ھەققىڭ بارمىتى؟! ئىللەت سۆكسەڭ ئىلمىي بول، ئەتراپلىق مۇلاھىزە قىل، مىللەتنى سۆيسەڭ تۈزۈك سۆي، مۇھەببەت بىلەن سۆزلە، ئىلمىي گەپ قىل، ئېغىزىڭنى بۇزما!" دەيدىغان يەرگىمۇ يەتكەندى.
قىسقىسى، ئاكا، سىز سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق دۇنيادا ئۇيغۇرنىڭ زادى باشقىلاردىن تېپىلمايدىغان ئېسىل خىسلەتلىرى، ئارتۇقچىلىقلىرى ھەققىدە بىر سۆزلەپ بەرسىڭىز. خىسلەتلىرىمىز ھەر قانچە ئاز بولسىمۇ كاشكى!

2- پەلسەپە ھەققىدە پاراڭلىشىپ باقساق:
سىز "تەكلىماكاندىن ياۋروپاغىچە" ناملىق كىتابىڭىزدىمۇ، "تاش ۋە تارىخ" نىڭ مەن كۆرگەن قىسىملىرىدىمۇ، شۇنداقلا بۇ قېتىمقى جاۋابلىرىڭىزدىمۇ، ئۆزىڭىز بىلىپ-بىلمەي پەلسەپىگە ناھايىتى كەڭ سەھىپە ئاجرىتىپسىز. مۇمكىن بولسا، بىزنىڭ بۇ قېتىمقى پەلسەپە ھەققىدىكى سۆھبىتىمىز ئاددىي ئوقۇرمەنلەرنى چىقىش قىلسا. يەنى مەكتەپلەردىكى "پەلسەپە" دەرسىنى

"بىرخىل سىياسىي بېسىم، چۈشىنىكسىز قۇرۇق گەپلەر" دەپ چۈشىنىۋېلىپ، پەلسەپىدىن بىزار بولغان، "پەلسەپە" دېگەن نامنى "قۇرۇق گەپ" دېگەنگە تەڭداش قىلىۋالغان (مەسىلەن، "پەلسەپە سۆزلىمە"="قۇرۇق گەپ ساتما"دەپ چۈشىنىدىغان) بىر تۈركۈم ئوقۇغۇچىلارنى چىقىش قىلساق(بەلكى بۇلارنىڭ سانى سىز-بىز مۆلچەرلىگەندىن خېلىلا كۆپ، ھەتتا تەڭ يېرىمىدىن ئېشىپ كېتىدۇ). مانا موشۇ زۆرۈرىيەت تۈپەيلى، تۆۋەندىكى سۇئاللارغا مۇمكىن قەدەر شەيخ سەئىدىي ئۇسلۇبىدا جاۋاب بېرىشكە ئۇرۇنۇپ باققان بولىسىز:

پەلسەپە دېگەن نېمە؟ I

پەلسەپىنىڭ بىر ئىنسان تەرەققىياتىدىكى رولى قانداق؟I

پەلسەپىنىڭ بىر دۆلەت تەرەققىياتىدىكى رولى قانداق؟I

پەلسەپىنىڭ بىر مىللەت تەرەققىياتىدىكى رولى قانداق؟I

سىز بۇ قېتىمكى جاۋابىڭىزدا غەرب پەلسەپىسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ I بولدىڭىز، بۇ يەردە ئۇيغۇر پەلسەپىسى ۋە خەنزۇ پەلسەپىسىنىڭ نېگىزى ۋە تەرەققىيات يۆنىلىشلىرىنى ئاددىي تىللار بىلەن بايان قىلىپ بەرگەن بولىسىز.

3- ئەدەبىيات ھەققىدە:

بۇ سىزنىڭ ئالىي مەكتەپتىكى كەسپىڭىز، شۇنداقلا مېھرىڭىزنى ئۇزەلمەيدىغان بىر ئوت.

(1) ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئومۇمي ئەھۋالى بىلەن باشقا مىللەتلەرنىڭكىنى

باشمۇ-باش سىلىشتۇرۇش بىر قىيىن ئىش. چۈنكى بىزدە سەۋىيە پەرقى خېلىلا چوڭ، بەلكىم باشقىلاردىمۇ شۇنداقتۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆلچەم مەسىلىسى باشنى قاتۇرىدۇ. بىز ئىشنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئۇيغۇر بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرنەچچە ئەسەرنى تىزىپ باقايلى. ئاندىن ئۇنى دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن سېلىشتۇرۇپ باقايلى. موشۇ نۇقتىدىن (پەقەت موشۇ بىر نەچچە ئەسەر نۇقتىسىدىنلا) ئەدەبىياتىمىزنى دۇنيا ئەدەبىياتى، بولۇپمۇ غەرب ئەدەبىياتى بىلەن قىسقىلا سېلىشتۇرۇپ باقايلى. بۇ بەلكىم ئىككى سىستېما بولغاچقا، ئورتاق بىر ئۆلچەمنى تاپالىشىمىز ناتايىن، شۇنداقتىمۇ ئۆزگىچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەر ھەققىدە ئېغىز ئاچالايمىز.

(2) بۇ سۇئال يۇقىرىقى سۇئالغا ياندىشىپ كېلىدۇ. بۇ چوقۇم سىز جاۋاب بەرمىسىڭىز بولمايدىغان سۇئالمۇ ئەمەس، پەقەتلا بىر مىسال ئۈچۈن دېيىلىۋاتىدۇ. يەنى، بەزى كىشىلەر "بىزنىڭ رومانلىرىمىز ئۇسلۇب جەھەتتىن غەربنىڭ رومانلىرىنى ئۈلگە قىلغان، مەيلى <ئىز> بولسۇن، <ئانا يۇرت> بولسۇن، ھامىنى شۇنىڭغا ئوخشاش ئۇسلۇبتىكى رومانلارنى غەرب ئەدەبىياتىدىن ناھايىتى ئاسانلا تېپىش مۇمكىن. <ئانا يۇرت - ئۇيغۇرلارنىڭ تىنچ دونى> دېگەن تەرىپتىنمۇ مەلۇم . لېكىن <قۇم باسقان شەھەر> تامامەن ئۇيغۇرچە ئۇسلۇبتىكى بىر ئەسەر، چۈنكى ئۇ نە رېئالىزمنى، نە رومانتىزمنى، نە مودېرنىزمنى ئەمەس، بەلكى دەل ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆرنەك قىلغان" دەپ قاراۋاتىدۇ.

سىز بۇ قاراشقا قانداق باھا بېرىسىز؟ <قۇم باسقان شەھەر> چەت تىللارغا ئۆرۈلسە، ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرى ئارىسىدىكىدەك تەسىر قوزغارمۇ؟ ھەيرانلىق ئىچىدە قولدىن قولغا ئۆتۈپ ئوقۇلارمۇ؟ يۇقىرى باھالار بېرىلەرمۇ؟

(3) ئەگەر مۇۋاپىق كۆرسىڭىز بۈگۈنكى زامان ئەدەبىياتى ۋە ئەدىبلىرىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ۋەكىللىك قىلالايدۇ، دەپ قارىغان ئەسەر ۋە ئەدىب (يازغۇچى، شائىر)لارنى تىزىپ باقسىڭىز. (ئەلۋەتتە، بۇنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆزىڭىز تاللايسىز)

(2-، 3- تارماق سوئاللارنىڭ چوقۇم كىتابقا ئېلىنىشى ناتايىن، ئەھۋالغا قارايمىز)

(4) تاھىر ھامۇت "غەرب مودېرنىزم ئەدەبىياتى ئېقىملىرى" دېگەن كىتابىنىڭ ئارقىسىغا ئانېل رامانىڭ "بارلىق بۈيۈك ئەدەبىي ئىجادىيەتلەرنىڭ ھەممىسى مىللىي ئەنئەنە بىلەن چەتئەل تەسىرىنىڭ ئۇچرىشىش نۇقتىسىدا تۇرغان بولىدۇ." دېگەن سۆزىنى باستۇرغان، بۇنىڭدىن بىز تاھىر ھامۇتنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ چىقىش يولىغا بولغان خائىشىنى بىلىۋېلىشىمىز مۇمكىن. بەلكىم سىزمۇ بۇ قاراشقا قوشۇلىسىز. ئەگەر قوشۇلسىڭىز، بىز چەتئەل ئەدەبىياتىدىن زادى نېمىلەرنى ئۆگىنىمىز، ئۆز يېزىقچىلىقىمىزدا ئىشلىتىمىز؟ (ئەلۋەتتە، بۇ يەردىكى "چەتئەل" ئۇقۇمىنىڭ دائىرىسىنى ئۆزىڭىز بېكىتىسىز)

(5) "مىللىيلىك ئەسەرنىڭ جېنى" دېگەنگە قوشۇلامسىز؟ ئەگەر قوشۇلسىڭىز، كىشىلەر بۇ يەردە دەۋاتقان "مىللىيلىك" شۇ كونكرېت ئەسەردىكى قايسى تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئەگەر كىشىلەرنىڭ بۇ سۆزنى دېگەن چاغدا زادى قانداق بىر سوبىكتىنى كۆزدە تۇتقانلىقىنى قىياس قىلالمىسىڭىز، ئۇنداقتا بىز يۇقىرىدا تىلغا ئالغان "چەتئەل تەسىرى" بىلەن مىللىيلىكنى ئەپچىل بىرىكتۈرۈش ھەققىدە سۆزلەپ باققان بولسىڭىز. (مىسال بىلەن بايان قىلسىڭىز تېخىمۇ ئوڭاي ھېس قىلىشىمىز

مۇمكىن)

4- ۋەتەن ھەققىدە:

بۇ ھەقتىكى گېپىمىز زامانىمىزدا تۈرلۈك تىللىق مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ياش ئوقۇغۇچىلار ئۈستىدىراق يورغىلاپ قېلىشى مۇمكىن.

بىز شۇنداق بىر تۈركۈم قېرىنداشلىرىمىز بىلەن بىرگە ياشاۋاتىمىز، بەلكى ئۇلارنىڭ سانى يىلسىرى كۆپىيىپ بارماقتا:

مۇگدەك باسقان خۇنۇك كۆزلەر، خاراموش ۋە ھېچبىر ئىپادىسىز چىرايلار، بىپەرۋا، سوغۇق نەزەرلەر، ھەر تەرەپكە قىيسايغان گەۋدىلەر، ھىم ئېتىلگەن لەۋلەر، ئانچە جاپا تارتىشنى خالىمايدىغان كالللىلاردا "ۋەتەن" بىر كىتابىي ئۇقۇمغا، مومىدىكى لاتىغا ئايلىنىپ قالدى؛ ئاتىلار ئۆز جىگەر پارىلىرىنى قانداقتۇر جان ساقلاشنىڭ ئېپىنى تېپىپ "ئىستىقباللىق" بولۇشى ئۈچۈن نەلەرگىدۇر ئۈزىتىشقان يوللىرىدا خىرەلەشتى؛ سەبىيلەر چۈچۈك تىللىرى بىلەن "ۋەتەن" دېيىشنى بىلمەس بولدى؛ بىر قىسىم ياشلار "ۋەتەن" دېگەننى قايسىدۇر بىر شائىرنىڭ زۇرۇرىيەتتىن تىزىپ قويغان سۆز ئويۇنىدەك، ئۆزگە زادىلا مۇناسىۋەتسىز بىر ئۇقۇمدەك ھېس قىلىشىۋاتىدۇ؛

بەزىلەر ساماۋىي چۈشلەرنىڭ قوينىدا ئەللەيلىنىپ، ۋەتەننى يىراق قىرغاقلاردىكى قىتئە ۋە ئاراللاردىن ئىزدەشنىڭ كويىغا چۈشتى. "جەننەت تەگرى ۋەدە قىلغان نامەلۇم بىر جايدا ئەمەس، نەق موشۇ پىلانىتىنىڭ دېڭىز بىلەن قورشالغان بۇلۇڭلىرىدا، شۇ يەرگە بېرىۋېلىپ رەڭدار كۆزلۈك جانانىدىن بىرنى پوكىنىمغا بېسىپ، كۆزۈمنى يۇمۇۋالساملا، توپا باسقان بۇ ۋەتەننىڭ ماڭا زارىققان كۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالىمەن-دە، نە ئازاب، نە خورسىنىشلاردىن يىراق يۈرىمەن" دېگەن غايىنىڭ كەينىدە سوكۇلداپ يۈرگەنلەرمۇ ئاز

ئەمەس.

ۋەھالەنكى، ئابدۇخالىق ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىك ئەللەردىكى راھەتتىن كېچىپ، توپا ئۆرلەپ تۇرغان يۇرتىغا قايتىش يولىدا ياڭ، جىن، شىڭلارنىڭ پەيلىنى بىلمەسمىدى؟ قولىلىرىغا قەلەم ئېلىپ، ئەرك، تەڭلىك ئۈچۈن كۆرەشكىنىدە، ئۆز ۋىجدانىنى قەغەزدىلا ئەمەس، بەلكى نەق رېئاللىقتا تىك يۈزلىنىپ ئارام تاپقۇزۇشقا ئاتلانغانلىرىدا، روزى موللىدەك ئىنسانلارنىڭ موشۇ ۋەتەندە تىمسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانمىدى؟

ياق! ئۇ ھامىنى بىر كۈنى ئۆز مۆلچىرىدىن ھالقىغان بىر پەيتتە كاللىسىنىڭ ئېلىنىدىغانلىقىنى تۇيغان. بۇ ۋەتەندە شۇ كۈنىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ ۋەتەندىن كەلگەن قىسمەت ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭسىز.

ئابدۇقادىر داموللام شۇنچە كاتتا ھۆرمەتنى تەرك ئېتىپ، قەشقەر كوچىلىرىدىكى گۆلەخلەردە كۆل مالتىلاپ يېتىم باللارنى ئىزدەپ يۈردى. تاشتەك قېتىپ كەتكەن ئەقىدىلەرنى توغرا يولغا سېلىش ئۈچۈن داشقال كاللىلارغا ھوجۇم قىلدى. بۇ كىشى شېئىرنىمۇ، شۆھرەتنىمۇ، ئابدۇغۇپۇر شاپتۇلنىمۇ، ئەمەت مەزىننىمۇ ئوبدان بىلەتتى....

لېكىن مانا موشۇ كىشىلەر ۋەتەن بولمايدىكەن، ۋەتەندە ۋەتەن ئىگىسگە كاپالەت بولمايدىكەن، بىر شەخسنىڭ ھېچنىمىسىنىڭ بولمايدىغانلىقى، بولسىمۇ ھېچقانداق بىر كاپالەتكە ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ناھايىتى ئوبدان ھېس قىلىشقان، شۇنىڭ ئۈچۈن كۆرەشكەن.

مانا بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە بۇ مەجبۇرىيەتلەر ھەر خىل شەكىللەر بىلەن سىزدەك زىيالىيلارنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. بىلگەنىڭ مەسئۇلىيىتى بىلمىگەندىن نەچچە ھەسسە ئېغىر!

ئاتىلار قىلىچ، كەتمەن بىلەن بوگۈنگە ئۇلاشتۇرغان بۇ ۋەتەننى يىپ-يىپگى قىياپەت بىلەن ئەتىكى باللارغا تاپشۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەمدى مانا موشۇ ھاياتلارغا قالدى. كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ جان بېقىش ۋە ئالدىنىپ ئاللىقانداقتۇر خۇسۇسىي نەپسىنىڭ كويىدا قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى خىلمۇ-خىل چىرايلىق باھانە- سەۋەبلەر بىلەن پەردازلاشقا ئۇستا بولۇپ كەتتى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە، ۋەتەن - ئىككى تەڭگىگە تېگىشىدىغان چاغدا ئاسانلا ئەستىن چىقىپ قالىدىغان نەرسىگە ئايلاندى....

مانا سىز شۇ ۋەتەننى دەپ نەچچە مىڭ دوللار پۇل تاپقىلى بولىدىغان ۋاقتىڭىزنى سەرپ قىلىپ ئەسەرلەر يېزىپ مەبۇئاتلارغا ئەۋەتىۋاتىسىز، بىر پارچە ماقالىدىن بىر مەدىكارنىڭ ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى تاپالىشىڭىز ناتايىن. سۆھبەت ئۈچۈن كاللا قاتۇرۇۋاتىسىز، بۇ سۆھبەتنىڭ ئىزدەنگۈچىلەرنىڭ تەرەققىياتىغا قانداق تەسىرلەرنى كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئويدان مۆلچەرلەۋاتىسىز. بۇلاردىن بىر تىيىنمۇ ئالمايدىغانلىقىڭىزنى ماڭا ئېنىق ئېيتتىڭىز. تور بەتلىرىنى ئارىلاپ يۈرۈپسىز، بالىڭىزنىڭ تىل ۋە دىلىنىڭ شۇ ۋەتەندىن يىراقلاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ يۈرۈپسىز....

مەن بۇ كىتابنىڭ ياشلارغا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بېرىشتىكى بىر كۆزنەك بولۇشىنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن.

گەپنى تېخىمۇ ئاددىيلاشتۇرساق، بىر كىشىنىڭ چەتئەلگە چىقىش-چىقماسلىقى، شۇ دۆلەتنىڭ پۇقراسى بولۇش-بولماسلىقى... قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۇنىڭ ۋەتەننى سۆيىدىغان-سۆيمەيدىغانلىقىنى ئۆلچەش مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى بىز دۇچ كەلگەن رېئاللىق بىزگە ئۇنچە كۆپ تاللاشمۇ بېرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنچىۋالامۇ ئاددىي ئەمەس. مۇھىمى بىر ئادەمنىڭ ئۆز ۋەتىنى ئۈچۈن

زادى قانداق ئەمەلىي ئىشلارنى قىلغانلىقى ۋە قىلىۋاتقانلىقى.
دەرۋەقە، توخۇ سۈتىدىن باشقا جىمى نەرسە تېپىلىدىغان ئاۋات شەھەرلەردە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز توپپا ئۆرلەپ تۇرغان ۋەتەننى كۆزلىرىگە سۈرتكىدەك زار يۈرمەكتە؛ ئادەملەر مىغىلداپ تۇرغان كوچىلاردا خۇددى سەرسانە ۋە ياپ-يىگانە قالغاندەك ئۆز-ئۆزىگە "ۋەتەن" دەپ پىچىرلىماقتا؛ ھەممىلا يەرگە ئالاق-جالاق قاراپ ۋەتىنىنى ئىزدىمەكتە؛ بايلىق، پاراۋانلىق، ئەرك ۋە ئىنسان قەدرى بىلەن تولغان قايسىدۇر بىر ماكانلاردا ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىز ئۆزىنى خۇددى دۇنيادا ھەممىدىن نامراتتەك، ھەممىدىن بىقۇۋۇلدەك، ھەممىدىن قەدىرسىزدەك ھېس قىلىپ، ۋەتەن پىراقىدا يېتىمسىرىماقتا..... خۇددى ئادىل تۇنىيازدەك:
ۋەتەنسىز قۇشلار
پەسىللەرگە ۋەتەن دەپ يىغلار .
سەرسان شامال كۆتۈرۈپ يۈرەر
غازىڭنى ئۆز ۋەتىنىنىڭ .
.......
مەيلى تۇر پارىژنىڭ گۈزىلى بىلەن ،
يەنىلا ئۆزىڭنىڭ ئەمەستەك كۆلكەڭ .
ئەسلەيسەن نەم قىلىپ قول ياغلىقىڭنى .
ۋەتەندە دەردىڭمۇ ئۆزۈڭنىڭ دەردى ،
ۋەتەندە يىغاڭمۇ ئۆز تىلىڭ بىلەن .
مىليونېر بوپكەتكىن بەربىر يەرلىك -
قەلەندەر ئالدىدا بىر كەپەڭمۇ يوق .

ھەر كىم باقالايدۇ كۆزۈڭگە سوغۇق .
مەيلى سەن شاراب ئىچ ئالتۇن قەدەھتە ،
بىر كۆپۈك چىقسىلا ئۈستىگە لەيلەپ
ئوقۇساڭ يېزىلغان ۋەتەن دېگەن خەت .
بېرلىن ئاسمىنىدا كۆرىسەن ھەر كەچ
جىمىكى يۇلتۇزدىن ئۇيغۇر كۆزىنى .
مۇقەددەس بۇۋى مەريەم چىركاۋسى
كۆرۈنەر سەن ئۆسكەن تار كوچىدىكى
كىچىك بىر مەسچىتتەك ئۇيغۇرۇڭ سالغان .
ھەج قىلىپ مەككىگە بارساڭ مۇبادا ،
تۇيۇلار يۇرتۇڭدا قالغاندەك خۇدا .
مۇبادا دوزاختا بولسىمۇ ۋەتەن ،
مەڭگۈ بىر مۇھاجىر جەننەتكىمۇ سەن .
ۋەتەن ، ئېھ ۋەتەن ،
چىرايلىقتۇر ھەممە نەرسىسى ،
چىرايلىق ئۇنىڭ قايغۇسىمۇ ھەم .
گۆھەردۇر ، ئالمىدۇر ، خۇش پۇراق
گۈلدۇر ،
ۋەتەن دالىسىدا كۆرگەن توڭ تىزەك .
ئەيسادۇر ، مۇسادۇر يۇرتۇڭ ئادىمى ،
يات يۇرتتا تۇغقانمۇ تۇيۇلماس دوستتەك .
ۋەتەندە بىر ناتونۇش بالا

يۈگۈرۈپ ئۆتكەن بولسا ئالدىڭدىن
يۈز يىلدىمۇ چىقماس يادىڭدىن .
تىللاپ سالغان بولسا ئىلگىرى
ئۆز ئېلىڭدە ئۆز تىلىڭدا ئۆز ؛
تاپالمايسەن دۇنيادا ھازىر
شۇ تىلدىنمۇ گۈزەلرەك بىر سۆز .
شېئىرنى ئوقۇساڭ بەزەن
گېزىتلەردىن پاز ياكى تاگورنىڭ ؛
تېتىمايدۇ ساڭا ئۇ قىلچە ،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئېيتقان قوشاقچە .
ئۇزاتقاندا ئەزرائىل بىر كۈن
دەستە تىزىپ ئۆلۈم گۈلىدىن ،
سەن ئۆزۈڭگە توقۇيسەن كېپەن
ۋەتەنىڭكى خىياللار بىلەن .
يات تۇپراقتا كۆمۈلگەنىدە سەن
كۆمۈلىدۇ قەلبىڭگە ۋەتەن ...

---

قىسقىسى، تاڭلار مەھشەر كۈنى، كۆرمىگەن، سەزمىگەن، بىلمىگەنلەرنىڭ قىزىل تىرناقلىرى كۆرگەن، سەزگەن، بىلگەنلەرنىڭ ياقىسىدا بولماسلىق ئۈچۈن كېچىلەرنى بىر تالاي ئەمگەكلەر بىلەن تاڭغا ئۇلاپ يۈرۈپتىمىز. ۋەتەننى (جۇملىدىن موشۇ "ۋەتەن" نىڭ بىرى بولغان ئانا تىلنى) سۆيۈش،

قانداق سۆيۈش، نېمىلەرنى قىلىش ھەققىدە ياش-ئۆسمۈرلەرگە ئىككى ئېغىز سۆز قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

(مەتمىن ئەلاغا مۇراجەت قىلغان سۇئاللار ھازىرچە تامام )

ئەپەندى،HelloLifeھۆرمەتلىك

ماڭا بۇ قېتىم چىقارغان ئىندىۋىدۇئال سوئاللىرىڭىز مېنى ئۆزۈمگە يېڭىۋاشتىن قايتۇردى. مەن بەزىدە سوئال سوراشنى جاۋاب بېرىشتىن مۇھىم دەپ قارايمەن. بىر ئېسىل سوئالنىڭ ۋەزنى ئۇنىڭ جاۋابىنىڭ ۋەزنىدىن ئاللىبۇرۇنلا ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. چۈنكى بىر تەرەپتىن ئالغاندا بۇ خىلدىكى سوئال ئادەمنى ئۆزلۈكسىز يېتەكلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن نەزىرىمىزنى ھامان ئۆز ئىزدىنىشىمىزنىڭ سىرتىدا قېلىۋاتقان ھەم كۆپ ھاللاردا قالىدىغان بوشلۇققا ئۆزلۈكسىز تىكتۈرىدۇ. تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ ئىزدىنىشىمىزنىڭ ئاخىرلاشمىغانلىقىنى ئېسىمىزگە ھەر ۋاقىت سېلىپ تۇرىدۇ   خۇددى فرانسىيە يازغۇچىسى فلوبېرنىڭ بىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇنۇ سۆزىدەك: «دۆتلۈك دەل خۇلاسە چىقىرىشقا بولغان ھېرىسمەنلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ.» دەرھەقىقەت، گەرچە بۇ سۆھبەت ئارقىلىق سوئاللىرىمىزدا كۈتكەن ئاخىرقى نەتىجىگە ئېرىشەلمىسەكمۇ، لېكىن بىز ئېھتىمال جاۋابىنى مەڭگۈ بېرىپ بولالمايدىغان تېڭىرقاشلارغا، تەئەججۈپلەرگە، نىدالارغا ۋە تىلەكلەرگە ئورتاقلىقىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز. تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئېيتقاندا، بۇ سوئاللارنى بىز يەنە كەلگۈسىدىمۇ ئۇچرىتىمىز، ئويلايمىز ۋە ئۇلارغا جاۋاب ئىزدەيمىز. بۇ سوئاللار

بەزىدە بىزنى بىرلەشتۈرىدۇ، بەزىدە بىزنى ئۆزىمىزگە تاشلايدۇ. ئەنە شۇ چاغدا، ئۆزىمىزنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئەڭ نېگىزلىك سوئالغا ئايلىنىدۇ.

كىملىك، ۋەتەن، ئاقارتىش، ئىدىيە، ئۇخلاش، سېغىنىش، ئىزتىراپ، كىنو، پارچە-پۇرات ئەسلىمىلەر، زېرىكىش، دۇئا-تىلاۋەت، ئۆچمەنلىك، شېئىر ئوقۇش، دېلىغۇللۇق، مۆرۈۋۋەت، سۈكۈت، غېرىبلىق، پەلسەپە ۋە نىگاھ قاتارلىقلارنىڭ ئىچ-ئىچىگە سىڭىپ ھەم پۈتۈلۈپ كەتكەن مەۋجۇتلۇقۇم دائىم سوئاللارنىڭ مەركىزىدە لەيلەپ تۇرىدۇ. مەۋجۇتلۇقۇمنى مۇشۇلارنىڭ ئارىسىغا خۇددى سەدىقىچىگە تاشلاپ بېرىلگەن سەدىقىدەك ھېس قىلغان ۋاقىتلىرىمدا، سوئاللار   پەقەت ئايىغى چىقماس سوئاللارلا   مېنى ھەممىدىن ئايرىپ، ئۆزۈمگە روبىرو قويىدۇ. مەن ئۆزۈمگە سوئاللار ئارقىلىق قارايمەن، ئۇنى سۆزلەيمەن، ئۇنى سېزىمەن، خۇددى ئۆزۈم بىلەن بولىدىغان بىردىنبىر ھەم ھەقىقىي مۇناسىۋەت پەقەت سوئاللار ئارقىلىقلا بولىدىغاندەك. يەنە بەزىدە ئۆزۈمنى ئىپ قاچقۇسىز سوئاللارنىڭ قارىقىدا تىپىرلاۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن، خۇددى ئۇلار مېنى قىيامەتلىك قەرزنى قايتۇرۇشقا سۆرەۋاتقاندەك. ئەنە شۇ مىنۇتتا ۋۇجۇت تىترەيدۇ، لەۋ پىچىرلايدۇ. مانا بۇ مەۋجۇتلۇقنىڭ تېگى-تېگىدىن كېلىدىغان سوراقلاشتۇر.

پانىيلىقتا سورىلىدىغان سوئال شۈبھىلىنىشتىن باشلىنىدۇ. ئادەم شۈبھىلەنگەندە، ئۆزى ئىلگىرى توغرا دەپ قارىغان ئىشىنىشكە يېڭىۋاشتىن قاراپ چىقىدۇ. شۈبھە ئادەمنى ئۆزى ھېس قىلغان ھەم چۈشەنگەن ئوبيېكت بىلەن تەنقىدىي ئارىلىق ساقلاشقا يېتەكلەيدۇ. بۇ ئارقىلىق ئادەم ئۆزى بىلەن ئارىلىق ھاسىل قىلىدۇ. سوئال سوراش ئىنساننىڭ ئەقلىنىڭ ئەركىنلىكىنىڭ نامايەندىسىدۇر، شۈبھىلىنىش بولسا ئەقلىنىڭ ئۆزىنىڭ ۋە ئۆزگىنىڭ ئىلگىرى

قوبۇل قىلىنغان ئەقلىيلىقگە ۋە ھەقىقىيلىقىغا بولغان ئىنكارلاشنىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ دەل ئەقلىنىڭ ئۆزى توغرا دەپ قارىغان ئىشىنىشلەرنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنى توختاۋسىز ئىنكار قىلىپ تۇرۇشى ۋە شۇ ئارقىلىق ئېنىقلىققا ۋە توغرىلىققا ئېرىشىشكە ئىنتىلىشىدۇر. بۇ يەردە مۇنداق سوئال تۇغۇلىدۇ: ئەگەر ئىنسان سوئال ئارقىلىق ئەمەس بەلكى سوئالنىڭ ئۆزىدىن شۈبھىلەنسىچۇ؟

قەدىمكى يۇناندا ياشىغان بىر مۇتەپەككۇردىن بىرى: «ئۇستاز، سىز ئۈچۈن بۇ دۇنيادىكى ئەڭ قىيىن سوئال قايسى؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ كۆزلىرىنى كۆككە غەمكىن تىككىنىچە: «مەن ئۈچۈن ئەڭ قىيىن سوئال دەل سوئالنىڭ نېمىلىكىدۇر» دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن. ئۇ پۈتكۈل سوئاللارنىڭ ئېھتىمال ھەم ئېپتىداسى ھەم ئىنتىھاسى بولغان سوئالنىڭ تەگسىز سىرلىرى ئالدىدا لال بولغۇچى، ئۇنىڭدا ئېزىققۇچى، ۋە ئىنساننىڭ بۇ سوئال ئالدىدىكى تىرەن سۈكۈتىنى ھېس قىلغۇچىدۇر. ياكى ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ مانا مۇشۇ سوئال بىلەن بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلغۇچىدۇر. ئۇنىڭ سوئالغا سوئال قويۇشى يەنى مېتا-سوئاللىشى (سوئال-ھەققىدىكى-سوئاللىشى) شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، بارلىق مەۋجۇدات ھەققىدىكى ئىزدىنىش سوئالدىن باشلىنىدۇ. ئەگەر گېرمان پەيلاسوپى لائىبنىز مەۋجۇدات ھەققىدىكى ئىزدىنىشنى «بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن ھېچنېمە بولماي، مەلۇم نەرسە بولىدۇ؟» دېگەن سوئالدىن باشلىغان بولسا، يۇقىرىدىكى مۇتەپەككۇر ئۆز ئىزدىنىشىنى «بۇ يەردە نېمە ئۈچۈن جاۋاب بولماي، يەنە سوئال بولىدۇ؟» دېگەن سوئالغا تۈگەللەيدۇ. لېكىن ھەر ئىككىسى مۇنداق بىر ئورتاقلىقتا بىر-بىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ: سوئالنىڭ

مەۋجۇتلۇقى بىلەن مەۋجۇداتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئوخشاش مەنبەلىك ۋە ئورتاق نىشانلىقتۇر. دېمەك مەۋجۇتلۇقنىڭ سىرىغا قارىتا ئادەمدە تەبىئىي قوزغىلىدىغان ھەيرانلىق، قىزىقىش ۋە ھەتتاكى مەپتۇنلۇق دەل سوئالنىڭ مەۋجۇت بولۇشىدىن باشلىنىدۇ؛ ھەر بىرشەيئىنىڭ مەۋجۇتلۇقى تېگى-تېگىدىن ئالغاندا سوئالنىڭ مەۋجۇتلۇقى ياكى سوئال شەكلىدىكى مەۋجۇتلۇقتۇر. ئەمىسە بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان سوئالنىڭ سۇبيېكتى كىم؟ كىم بۇ سوئالنى سوراۋاتىدۇ؟

دۇنيا ئادەمدىن بىۋاستە سوئال سورىمايدۇ، شۇنداقلا ئۇ ئادەمنىڭ جاۋابىغىمۇ موھتاج ئەمەس. بلائىس پاسكال ئالەمنىڭ سىرلىق، پەرۋاسىز ۋە چەكسىز سۈكۈتىدىن چوڭقۇر ئىزتىراپقا چۆمگەن ۋە ۋەھىمە ھېس قىلغانىدى. ئۇنىڭچە ھەرقانداق سوئاللارنىڭ سورىلىشى ۋە ھەر قانداق جاۋابلارنىڭ بېرىلىشى ئالەمنىڭ تەۋرەرلىك سۈكۈتىنى بۇزالمايدىغاندەك ئىدى. قەدىمدىن يەر يۈزىدە تايانچسىزلىق ۋە تەنھالىققا مەھكۇم بولغان ئادەم ئالدى بىلەن ئالەمنىڭ سۈكۈتىنى سوئال سوراش ئارقىلىق بۇزغان؛ بۇ ئارقىلىق لائىبنىزنىڭ يۇقارقى سوئالىدا ئەكس ئەتكەن يوقلۇقنىڭ ۋەھىمىسىنى يەڭمەكچى ۋە مەۋجۇداتقا يېقىنلاشماقچى بولغان. ئادەم سوئالنىڭ ھەم ئوبيېكتى ھەم سۇبيېكتىدۇر: ئۇ دۇنياغا سوئال ئارقىلىق يۈزلىنىدۇ، شۇنداقلا ئۆزىنى سوئال ئارقىلىق ئىزدەيدۇ. ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى يېقىنلىقتا ئۇزۇنغا سوزۇلغان سوئاللار تاشلىنىپ ياتىدۇ. ئۆزلۈك بەزىدە سوئاللار ئارقىلىق ئۆزىنى ئېنىقراق تۇيسا، ھېس قىلسا ۋە چۈشەنسە، يەنە بەزىدە ئەنە شۇ سوئاللار بىلەن ئۆزىدىن يىراقلىشىدۇ، ئۆزىدىن خىرەلىشىدۇ ۋە ئۆزىنى يىتتۈرىدۇ. سوئال ئادەمنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ، ئويلاندۇرىدۇ ۋە بەزىدە باش-ئاخىرى

چىقماس سۈكۈتكە غەرق قىلىدۇ. ئەنە شۇ ئالاھىدە مىنۇتتا سوئاللىغۇچى بىلەن سوئاللانغۇچى ئورتاق بىر مەۋجۇتلۇق ھالىتىگە قايتىپ، بىر بىرىگە يۈزمۇ يۈزلىشىدۇ: سۈكۈت. بۇ سۈكۈت ئىنسان سۇبىيېكتى بىلەن دۇنيانىڭ ئەڭ ئىپتىدائىي ئۆز ئارا يۈزلىنىش ھالىتىنىڭ قايتىلىنىشىدۇر. ئادەم دۇنيانىڭ سۈكۈتىنى سوئال بىلەن بۇزۇشقا ئۇرۇنسا، دۇنيا ئىنساننىڭ قىزىقىشىنى سۈكۈت بىلەن بۇزىدۇ.

ئادەم مۇتلەق ئۆزگىگە، يەنى خۇداغا سوئال بىلەن يېقىنلىشىدۇ   لېكىن بۇ ۋاقىتتىكى سوئاللاش شۈبھىگە تولغان قەلب بىلەن ئەمەس، بەلكى دەل پۈتكۈل شۈبھىلىنىشتىن ئازاد بولغان قەلبتىن سورىلىدۇ. خۇدادىن سورالغان ھەم سورىلىدىغان سوئاللار ئىنساننىڭ قەلبىنى خۇداغا يۈزلەندۈرىدۇ، ئۇنىڭ بەندىلىك پۈتۈلمىشىنى تېخىمۇ تىرەنلىكتە نامايان قىلىدۇ. شۇ چاغدا، قەلبتىن ئىلاھىي مەرھەمەتكە ئىشىنىش ۋە ئىلاھىي كەچۈرۈمگە بولغان چوڭقۇر تىلەكداشلىق ئاستا كۆتۈرىلىدۇ. ئىنسان خۇداغا بەزىدە ئۆز توۋىنامىسىنى سوئال شەكلىدە بايان قىلىدۇ: «ئى كەرەملىك خۇدا، مەن بىر گۇناھكار بەندەڭمەن، بىلىپ بىلمەي ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى كەچۈرەرسەنمۇ؟» تۆۋە قىلغۇچى خۇدادىن سورىغان سوئاللىغا شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جاۋاب ئالالمايدۇ   ئۇنىڭ ئېرىشىدىغىنى كەلگۈسىنىڭ مۇتلەق ۋەدىسى بولمىش ئىلاھىي سۈكۈتتۇر. چۈنكى، توۋا قىلغۇچى خۇدانىڭ جاۋابىنى بىلىشنى ئىستىمەستىن، بەلكى ئېتىقادىنىڭ خۇدا تەرىپىدىن قوبۇل ئېتىلىشىنى ئىستەيدۇ. ئىلاھىي سۈكۈتتە ئىنسان ئۆزىنى خۇدانىڭ چەكسىز مېھرىبانلىقىدا تۇرۇۋاتقاندەك، قەلبىدىن خۇداغا بۇرۇنقىدىنمۇ بەك تەلپۈنۈۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئىلاھىي سۈكۈت ۋە جاۋابسىزلىقتا، ئېتىقاد ئىلاھىي ئۇلۇغۋارلىقنى

جىمىدە قوبۇل قىلىدۇ. ئىلاھىي سۆكۈتنىڭ ئەڭ تىرەنلىرىدىن كېلىدىغان سادالارغا پەقەت ئېتىقادتىلا قۇلاق سالغىلى بولىدۇ. سوئاللار قايتا-قايتا سورىلىدۇ ۋە يەنە ئىلاھىي سۆكۈتكە سىڭىپ كېتىدۇ. ھەممە سوئاللارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولغان قىيامەتتىكى سوراقتا ئىنسان ئۆزىنى خۇدانىڭ سورىقىدا كۆرىدۇ: خۇدادىن سورالغان سوئاللار خۇدانىڭ سوئالىدا ئاخىرلىشىدۇ. ئۆزىگە بېرىلگەن ئەركىن ئىرادە بىلەن سوئال سورىغان ئىنسان خۇدانىڭ مۇتلەق ئىرادىسى بويىچە بەندىلىكنىڭ سورىقىغا تارتىلىدۇ.

سوئاللار ھەقىقەتكە باشلايدىغان يولدۇر. بۇ ھۆكۈمنىڭ ئەكسىچە ئېيتىلىشىمۇ توغرا: ئىنسان ئىزدىمەكچى بولغان ھەقىقەت ئىنساننى ئۆزىگە سوئال ئارقىلىق يېقىنلاشىشقا بۇيرۇيدۇ. ئەگەر نيۇتون ئەينى ۋاقىتتا ئالمىنىڭ دەرەختىن يەرگە تۆكۈلۈش ھادىسىسىنى تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ سوئاللىمىغان بولسا، ئېھتىمال ئىنسانلارنىڭ ئالەملىك تارتىشىش كۈچى قانۇنىنى بايقىشى خېلى ۋاقىتقىچە كېچىكەرىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەزكۇر قانۇنىيەت ئۆزىنى توغرا مېتودتا ۋە يېتۈك تەپەككۇردا سورالغان سىستېمىلىق سوئاللارنىڭ ئارقىسىدا ئايان قىلدى ۋە قىلىدۇ.

لېكىن شۇنىمۇ ئەستىن چىقارماسلىق كېرەككى، بەزى ھەقىقەتلەر سوئاللاردىن ھالقىغان بولىدۇ. بۇ ھەقىقەتنىڭ ئاجىزلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئىنسان تەرىپىدىن سورىلىدىغان بارلىق سوئاللارنىڭ ئۆنى

سوراشقا سوراقلاشقا قۇربى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. بۇلار ئىلاھىي ئىرادىدىن بەرپا قىلىنغان تەبىئەت قانۇنىيەتلىرى ھەققىدىكى ئاكسىئوملۇق ھەقىقەتلەردۇر. بىزنىڭ تەبىئەت ھەققىدىكى ئىزدىنىشىمىز ئەڭ ئېنىقلىققا ئىگە مانا مۇشۇ ئاساستىن باشلىنىدۇ، سوئاللىرىمىز ئۇ تەرىپىدىن يېتەكلىنىدۇ.

ئەپەندىنىڭ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىشتىن HelloLifeمېنىڭ ئاۋۋال «سوئال» نىڭ نېمىلىكى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىشىم ھەرگىزمۇ سوئالنى يەنە كۆپەيتىپ سوئالنى ھەم ئۇنىڭ جاۋابىنى مۇرەككەپلەشتۈرۈش ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ سوئال سوراش ئارقىلىق بايقىيالايدىغان ئەڭ ئاساسىي مۇمكىنچىلىكلىرىمىزگە بىر قۇر قاراپ چىقىشتۇر. شۇڭلاشقا، مېنىڭ نۆۋەتتىكى قىزىقىشىم سوئاللار ئارقىلىق ھەقىقەتكە ئېرىشىش ئەمەس، بەلكى ھەقىقەت ھەققىدە ئىزدىنىشتۇر؛ سوئاللارنى يېشىم بىلەن بوي سۇندۇرۇش ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ساداسىغا جىمجىت قۇلاق سېلىشتۇر؛ سوئاللارنى ئۆتمۈشكە ئېلىپ كېتىش ئەمەس، بەلكى ئۇلاردىن كەلگۈسىنىڭ شەپىسىنى ھېس قىلىشتۇر.

1- سوئالنىڭ جاۋابى

ئەختەم ئۆمەرنىڭ «يىراق قىرلاردىن ئانا يۇرتقا سالام» دېگەن ئەسىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتا نەشر قىلىنىشى باشقىلارنىڭ نەزىرىدە تۇرۇپ ئۆزىمىزگە باھا بېرىشنىڭ باشلانمىسى بولۇپ قالدى. (گەرچە ئىلگىرى بىزنىڭ رايونىمىزنى ساياھەت قىلغان ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارغان چەتئەللىك سەيياھلار، ئارخېئولوگلار ۋە تارىخشۇناسلار بىز ھەققىدە نۇرغۇن قىممەتلىك بىرىنجى قول ماتېرىياللارنى قالدۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەسەرنى بىر ئۇيغۇرنىڭ مەۋجۇتلۇق ھالىتى ھەققىدىكى بىز زادى كىم؟ ھەققىدە يازغان تۇنجى ئەسەر دېيىشكە بولاتتى.) مەن ئەسەرنى ئوقۇش جەريانىدا شۇنى غۇۋا ھېس قىلغانىدىمكى، بىزگە ئاپتور تۇنجى قېتىم كۆلتۈرلىشىش جەھەتتە بىزدىن خېلىلا ئىلغار كەتكەن باشقىلارنىڭ نەزىرىنى كۆچلۈك ھېس قىلدۇرغانىدى؛

ئەنە شۇ كۇلتۇر ئاساس قىلىنىپ تارىختىن بېرى بىزگە رودىپايدەك چاپلىشىپ كەلگەن كۆتۈرۈپ قويۇۋىسىز «ئىللەتلەر» بىر-بىرلەپ تەنقىد ئاستىغا ئېلىنغانىدى. بۇ يەردە مۇنداق ئىككى نەرسە دىققىتىمنى تارتقانىدى: بىرى، ئەسەر ئاپتورىنىڭ ئۆزى تايىنىۋاتقان يات قىممەت سىستېمىسىنى تېگىدىن چۈشىنىش-چۈشەنمەسلىكى؛ يەنە بىرى، ئاپتورنىڭ ئۆزى سۆكۈۋاتقان مىللەتنىڭ روھىيىتىنى قانچىلىك چۈشىنىشى ئىدى. مېتودولوگىيە جەھەتتىن ئالغاندا، مەزكۇر ئەسەردە سىستېمىلىق سېلىشتۇرما ئانالىزدىن ئەسەرمۇ يوق بولۇپ، ئۇنىڭدا پەقەت بىر تۈركۈم ھېسسىياتچان كىتابخانلارنى تېزلا ئىلكىگە ئالالايدىغان بەدىئىي يۇقۇملاندۇرۇش كۈچىلا بار ئىدى، خالاس. نەتىجىدە ئەسەر بىر مىللەت سۈپىتىدىكى ئىنتايىن مۇرەككەپ ئېتنىك كۇلتۇر گۇرۇپپىسى ناھايىتى ئاددىي ھالدىلا بىز تېخىمۇ چۈشەنمەيدىغان پەقەت سىرتىدىنلا خۇددى «ئات ئۈستىدە گۈل كۆرگەن» شەكىلدە كۆزىتىلگەن يەنە بىر يات كۇلتۇر گۇرۇپپىسى بىلەن سېلىشتۇرغانىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، بىر مىللەتنىڭ مىللەت سۈپىتىدىكى مەۋجۇتلۇقى يوشۇرۇن قوللايدىغان ئامىللار ۋە ئۇنىڭ كوللېكتىپ ئاڭسىزلىقىدىكى بىزگە ئانچە بىلىنىپ كەتمەيدىغان ئالاھىدىلىكلىرى نەزەردىن پۈتۈنلەي ساقىت قىلىنغانىدى. مېنىڭ نەزىرىمدە مىللەت ئىنتايىن مۇرەككەپ پىسخىك ھالەت ۋە سىمۋوللۇق بىلىش جەريانىنىڭ قېلىپلىشىشى بىلەن مۇئەييەن تارىخىي تىرەنلىككە ئىگە بولغان كۇلتۇر توپى بولۇپ، ئۇ ئۆزىنى داۋاملىق رېئاللاشتۇرۇش بويىچە يوشۇرۇن مۇمكىنچىلىككە (پوتېنسىئاللىققا) ئىگە ئىدى. ئەگەر مىللەتنى بىر ئۇرۇققا ئوخشاتساق، ئۇ ئۆزى كەلگۈسىدە ئەي بولالايدىغان دەرەخكە ئايلىنىشنىڭ پۈتكۈل ئىچكى مۇمكىنچىلىكلىرىنى ئۆز ئىچىدىن ھازىرلىغان بولۇپ، ئۇنىڭ

پۈتكۈل ھاياتىي پائالىيىتى مانا مۇشۇ مۇمكىنچىلىكنى رېئاللاشتۇرۇش نىشانى ئۈچۈن خىزمەت قىلاتتى. مانا مۇشۇ ئىچكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەزكۇر مىللەت روھىيىتىنىڭ تىرەن-تىرەنلىرىدىن كېلىدىغان ھاياتىي كۈچنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ۋاقىتتىن ھالقىغان قىممىتىنى بەلگىلەيتتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ھەر بىر مىللەتنىڭ، مەيلى ئۇ كۈلتۈرلىشىشتا قانچىلىك تەرەققىي قىلغان ياكى قىلمىغان بولسۇن، ئۆزىگە خاس ئىچكى ۋە ئۆزگىچە قىممىتى بار ئىدى. شۇڭلاشقا ھەر بىر مىللەتنىڭ ئىنسانىيەتكە دېگەن ۋە دەيدىغان گەپلىرى بار ئىدى. ھەر بىر مىللەتنىڭ پەقەت ئۆزىگىلا خاس قىممەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئومۇمىي روھىيىتىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى ئۇنىڭدا ئىنسانلىقنىڭ تۈپكى مەسلىسى ئىزدىنىلگەن ۋە ئۆزگىچە ئۇسۇلدا جاۋابلانغانىدى. شۇڭلاشقا، كۈلتۈرلىشىش جەھەتتىكى پەرقىنىڭ چوڭ-كىچىك بولۇشى مەلۇم مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇش قىممىتىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بىلدۈرمەيتتى.

گېپىمىزگە قايتىپ كەلسەك، مەزكۇر ئەسەر ئاپتورى ئاخىرىدا بىزنىڭ «بەدبەشىرە» سۈرىتىمىزنى سىزىپ چىققانىدى. بۇ رەسىمنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياكى روھى چۈشۈپ كېتەتتى ياكى ئەرۋاھى ئۇچاتتى. ھېچ بولمىغاندا مېنىڭ روھىم قاتتىق چۈشۈپ كېتىپ، خېلىغىچە ئەسلىمگە كېلەلمىگەنىدىم. چۈنكى مەندىمۇ خۇددى ماقالە ئاپتورىنىڭكىگە ئوخشاش پىسخىك ھالەت كۆرۈلگەنىدى: بىز ماھىيەتتە بىزدىن ئىلگىرى كەتكەن چەتئەل كۈلتۈرلىرىنىڭ كۈچلۈك مەسخىرىسىگە ئۇچرىغانىدۇق. بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز ئۇلارنىڭ نەزىرىدە «ئۇياتلىقى» ۋە «ئەرزىمەسلىكىنى»

چاندۇرغاندى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىز تېگى-تېگىدىن نومۇسلۇق ۋە بىچارە ئىدى. ئۆزگىنىڭ بىز تارىختىن بېرى ئۇچراتمىغان نەزىرىنىڭ بىزنىڭ مەۋجۇتلۇق قىممىتىمىزنى، ئادىمىيلىكىمىزنى ۋە مەۋجۇتلۇق شارائىتىمىزنى باھالاشتىكى نوپۇزى بىزگە بىرى بۇ ھۆكۈملەرنى تەن ئالدۇرسا، يەنە بىرى بىزنى سۇبيېكتلىقتىن قالدۇرۇپ ئۆزگىنىڭ پەرۋاسىز ۋە ھاكىمۇتلەق نەزىرىنىڭ ئاستىدىكى كۆزىتىلىش ئوبيېكتىگە ئايلاندۇرغاندى.

كېيىن ئابدۇرەئۇپ پولاتنىڭ «بىزدىكى ئەبگالىقلار» دېگەن ئەسىرىنى ئازراق ئوقۇپلا تاشلاپ قويدۇم. بۇ ئەسەردىكى تۆپكى ئىدىيە مۇشۇ خىلدا چاپ-چاپ بازارغا ئۆلگۆرتىلىپ يېزىلىۋاتقان نۇرغۇن ئەسەرلەرگە ئورتاق بولغان مۇنداق بىر خاھىش ئۈستىگە قۇرۇلغاندى: ھادىسە بىلەن ماھىيەتنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىش، قىسمەنلىكنى ئومۇمىيلىققا كۆتۈرۈۋېتىش ۋە ئۆلچەمنىڭ مۆجمەللىكى. نەتىجىدە، تەھلىل مېتودىدىكى يۈقىرىدەك مەسىلەر بۇ خىلدىكى تەنقىدلەرنى ئۆزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىقتىن ئىبارەت تۆپكى ئورتاقلىققا يېقىنلاشتۇرغاندى. گەرچە مەن مىللىتىمدە تارىختىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ۋە ھازىرقى دەۋردە ئۆزىدە يېتىشتۈرۈۋاتقان نۇرغۇن ئىللەتلەرنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلسامۇ، كۆپ مەنبەلىك مۇرەككەپ سەۋەبلەرگە چېتىشىپ كەتكەن بۇ ئىللەتلەر سەۋەبىدىن مىللىتىمنىڭ بىر پۈتۈن گەۋدە سۈپىتىدە كۇلتۇرلۇق، پسىخىكىلىق ۋە مەنىۋى مەۋجۇدىيىتىنىڭ ناھايىتى ئاددىي، ھاپىلا-شاپىلا ھەم ئۆزۈل-كېسىل ئىنكار قىلىنىشىنى ھەرگىز قوبۇل قىلالمايتتىم. يەنى ئۇلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرى ئارقىلىق يەتمەكچى بولغان غايىلىرىنىڭ قانچىلىك يۈكسەك ۋە تەخىرسىز ھەمدە ئۇلارنىڭ

نىيىتىنىڭ قانچىلىك ساپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مەن ئۇلارنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىقنى ئىنكار قىلاتتىم (بۇ يەردە ئۇلارنىڭ نۇقتىئىنەزەرلىرىنىڭ قانداق راۋاجلاندۇرغانلىقىنى ۋە مىللەتنى قايسى نۇقتىدىن چىقىپ تۇرۇپ تەنقىدلىگەنلىكىنى سۆزلىمەي). ئەلۋەتتە مەن مىللىتىمنىڭ ھەممە نەرسىسىنى قارىغۇيۇق قوبۇل قىلىش پوزىتسىيىسى ئېلىپ كېلىدىغان تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش خاھىشىنىمۇ قوللىمايتتىم. يۇقىرىقى خاھىشلارنىڭ ھەر ئىككىسى بىر قۇتۇپقا ئېغىپ كېتىش يۈزلىنىشىگە ئىگە بولۇپ، بىزنى خاتا يولغا ۋە ھەتتاكى خەتەرلىك يولغا باشلايتتى. مەن تۆۋەندە پەقەت مۇشۇ خىل رادىكال تەنقىدچىلىك پوزىتسىيىسى ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەتنى قىسقىچە ئانالىز قىلىپ ئۆتمەكچىمەن.

ئۈزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىق لوگىكىلىق مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا بىمەنىلىككە ۋە زىتلىققا تولغاندۇر. دېمەكچى، تەلتۆكۈس ئىنكارچى ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئەقىلگە مۇۋاپىقلىقىنىمۇ ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ. ھەرقانداق شەكىلدىكى ئۈزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىق ئۆز-ئۆزىنى ئىنكار قىلىشتەك زىددىيەتلىك تەقدىردىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ: ھەممىنى قارىغۇيۇق تەنقىدلەش دەل ئۆزىنىڭ تەنقىدىنىمۇ تەنقىدلەشتۇر ئۆزىنى ئۆزىنىڭ ئىنكار قىلىشى بىلەن ئىنكار قىلىشتۇر. يەنە بىر تەرەپتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۈزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىق بىلەن مەسخىرىۋازلىق كۆپ ھاللاردا بىللە كېلىدۇ. ئۈزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىقنىڭ كەينىدە ناھايىتى بىخەتەر ئورۇندا تۇرۇپ قىلىنغان مەسخىرىۋازلىق يوشۇرۇنغان بولىدۇ، شۇنىڭدەك ھەممىنى مەسخىرە ئاستىغا ئېلىشتىمۇ ئۈزۈل-كېسىل ئىنكارچىلىق خاھىشى يوشۇرۇن مەقسەت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن سىرت، ھەر ئىككىسى ھاياتلىقنىڭ ئەڭ سەزگۈر قىسمىغا

چىقىلىدۇ، ئۇنى ئىنكار قىلماقچى بولىدۇ. ئۇلار ھاياتلىقتىكى مۇقەددەس دەپ قارىلىدىغان ۋە ھەرقانداق بىر قوۋمنىڭ مەۋجۇتلۇقىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغان قىممەتلەرنى رەت قىلىدۇ، كەمسىتىدۇ ۋە ئىنكارلايدۇ. نەتىجىدە، ھېچ قانداق نەرسە قىممەتلىك بولمايدۇ. ھەممە نەرسە قىممىتىنى يوقىتىپ، ئىنتايىن خەتەرلىك بولغان نىھلىزىم (ھەممىنى ئىنكار قىلىش مەسلىكى) باش كۆتۈرىدۇ.

ئاقىۋەت نېمە بولدى؟ ئاقىۋەت دەل سىز سوئالىڭىزدا تەسۋىرلىگەندەك ھەممە ھەممىنى كۆزگە ئىلمايدىغان، كەمسىتىدىغان ۋە تەنقىد قىلالايدىغان جاسارەتكە ئىگە بولدى (يەنە بىر كۆزىتىش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ھەممە ھەممىنى قارىغۇيۇق مەسخىرە ئاستىغا ئالالايدىغان بولدى). لېكىن، بۇلار ئادەمنى ئەڭ تەشۋىشلەندۈرىدىغان مەسىلە ئەمەستۇر. ئەڭ تەشۋىشلىكى يۇقىرىقى كونتروللۇقنى يوقاتقان ۋە پسىخىك بىنورماللىق سۈپىتىدىكى خورلاش ئەسەبىيلىكىگە گىرىپتار بولغان تەنقىدچىلەرنىڭ تەنقىدلىرىنىڭ چەكلىمىسىز يامراپ كېتىشى ئاخىرىدا بېرىپ بىزدە كوللېكتىپنىڭ ئۆزىدىن نەپرەتلىنىش خاھىشىنى (يەنى كوللېكتىپ-ئۆزلۈك-نەپرەتلىنىشىنى) يېتىشتۈرۈۋاتىدۇ.

ئادەم ئۆزىگە نەپرەتلەنگەندە، ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ فۇندامېنتال مەنىسىنى يەنى ئۆزىنىڭ ئەڭ ئېپتىدائىي قوزغىلىشلىرىدىن، ئارزۇ-ئارمانلىرىدىن، نارسىستىك (ئۆزىنى-سۆيۈش) پەخىرلىنىشلىرىدىن، ئۆزلۈك-بەلگىلەش ئىقتىدارىدىن ۋە ئەركىن تاللىشىدىن تۈزۈلگەن ناھايىتى مۇرەككەپ قىممەت قاراش نورمىلىرىنى تۈپتىن ئىنكار قىلىدۇ. شۇنىڭدەك بۇنداق ئادەم ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئەڭ چوڭ خاتالىق ۋە بىر خىل گۇناھ

دەپ قارىغاچقا، ۋۇجۇدىنىڭ ئىچ-ئىچىگە ئورنىشىپ كەتكەن گۇناھ تۇيغۇسى بىلەن ئۆزىنىڭ نېمشقا تۆرىلىپ قالغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆز خاھىشىدىن سىرت بۇ پاكىتقا ئۆچمەنلىك بىلەن قارايدۇ. تېخىمۇ تراگېدىيلىكى شۇكى، گۇناھنىڭ سەۋەبى سىرتتىن ئەمەس بەلكى ئىچكىلىكتىن ئىزدەلگەچكە، بۇنداق ئادەم ئۆزىدىن ئالماقچى بولغان ئۆچنى ئۆزىنى توختاۋسىز يوسۇندا گۇناھكار ھېس قىلدۇرۇش ۋە خورلاش ئارقىلىق ئالىدۇ. دېمەك، بۇنداق ئادەم تەدرىجىي ھالدا ئىچ-ئىچىدىن تۈگىشىدۇ.

پەلسەپېۋى مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىدىن نەپرەتلىنىش ئۆزلۈكنىڭ ئۆز ھاياتلىقىنىڭ ئىرادىسىنى، يەنى ئۆزىنى توختاۋسىز ھايات قېلىشقا ئۈندەيدىغان، ھازىردا ئۆزىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان ۋە كەلگۈسىدە ئۆزىنى نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدىغان ئىرادىنى، تولۇقتىن ئىنكار قىلىشتۇر. ئۆزىدىن نەپرەتلىنىدىغان ئادەم ئۈمىدسىز كېلىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئۆتمۈش ئاللىقاچان ئۆلگەن، ھازىر ئۆز مەنىسىنى يوقاتقان ۋە كەلگۈسىنىڭ ۋەدىسى يالغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇنداق ئادەمگە نىسبەتەن، ھاياتلىق ئۆزىنىڭ ئەقلىي ئاساسىنى ئاللىبۇرۇن يوقاتقان بولىدۇ.

ئۆزلۈك-نەپرىتىگە قالغان ئادەمنىڭ ئىرادىسى خۇددى گېرمانىيە پەيلاسوپى نىچى ئۆزىنىڭ «ئەخلاقنىڭ شەجەرىسى» دېگەن ئەسىرىدە ئېيتقاندەك، ئۆزلۈكنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولغان «ھوقۇق ئىرادىسى» بىلەن ئەمەس، بەلكى ««يوقلۇق ئىرادىسى» بىلەن ياشايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق ئادەمدە كۆرۈلىدىغىنى ھېچ نېمىنى ئىرادە قىلماسلىق خاھىشى بولۇپ، ئۇ «يوقلۇق ئىرادىسى» دىنمۇ پاسسىپتۇر.

خەيرىيەت، خەلقىمىز بۇنداق ئۇستىلەپ ياغقان تەنقىدلەردىن

ئۈمىدسىزلىنىپ، كوللېكتىپ-ئۆزلۈك-نەپرىتىنىڭ قۇربانىغا تەلتۆكۈس ئايلىنىپ كەتكىنى يوق. شۇندىمۇ كۆز ئالدىمىزدىكى رېئاللىق بىزنى بىر بىرىمىزنى تەنقىد قىلىپ ئويناشنى، كەمسۇندۇرۇشنى ۋە نەپرەتلىنىشنى ئەمەس، بەلكى بىر بىرىمىزگە قېرىنداشلىق مېھرىنى يەتكۈزۈشىمىزنى، بىر بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىشىمىزنى ۋە بىر بىرىمىزگە مەسئۇل بولۇشىمىزنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ: كۈنسېرى قىستاپ كېلىپ، سان-ساناقسىز بىگۇناھ كىشىلىرىمىزگە ئەجەل يوللاۋاتقان ۋە يوللايدىغان، خۇددى قاباھەتلىك چۈشكە ئوخشايدىغان ئەيدىس كېسەللىكى؛ ئىچكىرىدە ئىنسانىيلىق تۇيغۇسىدىن تامامەن ئايرىلغان ھەم تەلۋىلەشكەن، قانۇننى دەپسەندە قىلىۋاتقان ئادەم سودىگەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئادەم قېلىپىدىن چىققان تۈزۈمى ئاستىدا مەجبۇرىي ئوغرىلىققا سېلىنىپ، پىسخىكا جەھەتتىن بىنورماللىشىپ، ئۇلاردىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىش ئېھتىمالى بولغان سان-ساناقسىز بالىلار؛ كۈندىن كۈنگە ئەدەۋاتقان خورويىن چەككۈچىلەر ۋە ساتقۇچىلار؛ تېنىنى سېتىش ئارقىلىق ھايات قېلىشقا قالغان مىڭلىغان قىز-ئاياللىرىمىز مانا مۇشۇلار يەنە شەپقەتسىزلەرچە تەنقىدلىنىپ، تۈگۈلگىنىغا بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويدۇرۇلۇشى كېرەكمۇ؟ ياكى ئۇلارغا پەسەنت قىلماسلىق ۋە كارى بولماسلىق ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئەخلاقىي چۈشكۈنلىشىشىنى ۋە ئاتالمىش «خاتا تۇغۇلۇپ» قالغۇچىلار ئىكەنلىكىنى ئۇلارغا قەلبىدە جاراھەت قالغۇدەك دەرىجىدە بىلدۈرۈپ قويۇش كېرەكمۇ؟

ئەمدى سوئالىمنى تەنقىدچىلەرگە بۇراي: ئەگەر سىلەرنىڭ مەقسىتىڭلار ئەزەلدىن ئىللەتنى تۈزەش بولسا، يۇقىرىقى ئىجتىمائىي ئىللەتلەرگە قانداق ئىنكاس قايتۇرىمىز؟ بىز بۇ ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە قارىتا قانداق قىلىشىمىز

كېرەك؟ خەلقىمىزنىڭ بۇ تەنقىد دولقۇنىدا ئاۋانگارت رول ئوينىغان «يۈزلۈكلىرىمىز»، سىلەرنىڭ يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە بولغان ئاۋازىڭلار قېنى؟ ياكى بۇ ئەبگا خەق ئۆزىنىڭ ماددىي جەھەتتىكى بۇجۇمبوشلۇقى ۋە روھىي جەھەتتىكى ئاۋارىلىقىنىڭ جازاسىنى مانا مۇشۇنداق تارتىش ئارقىلىق سىلەرنىڭ ئۇلارغا ئالىبۇرۇن قويۇپ بولغان دىئاگنوزۇڭلارنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىشى كېرەكمۇ؟ مەيلى ئامېرىكىدا، ياۋروپادا ياكى دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدە بولسۇن، داڭلىق زىيالىيلار ئەيدىس كېسەللىكىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەشۋىقاتلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، يىغىنلاردا سۆزلەپ، تەشۋىقات ۋەرەقلىرىنى تارقىتىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە كەلگەن بۇ ئورتاق ئاپەتكە قارشى تۇرۇۋاتىدۇ، بىزدە قايسى داڭلىق زىيالىيلىرىمىز مۇشۇنداق قىلىۋاتىدۇ؟ خەلقىمىز زىيالىيلارنىڭ مۇشۇ ئاپەت ئالدىدىكى ئەڭ مەسئۇلىيەتچان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا زارىقىۋاتقان چاغدا قېنى قايسىمىز سۆزلىدۇق؟

، ئۆتكەندە ئىزدىنىش تورىدا ئەيدىس كېسەللىكى HelloLifeھۆرمەتلىك ھەققىدىكى يازمىڭىزنى كۆرۈپ سىزدىن خۇرسەن بولۇپ قالدىم. ئەمەلىيەتتە، يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرگە ھەممىمىزنىڭ مەسئۇلىيىتى باردۇر  بۇ بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزگە بولغان زىيالىيلىق مەسئۇلىيىتىمىزلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە ئادىمىيلىك مەسئۇلىيىتىمىزدۇر  بىزنىڭ جەمئىيەت ئەزالىرىمىزغا بولغان قېرىنداشلىق مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. ئەيدىسنىڭ رەھىمسىز چاڭگىلىدا ئىڭراۋاتقانلار بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزگە موھتاجدۇر. ئۇلار بىزنىڭ خەيرىخاھلىقىمىزغىلا ئەمەس، بەلكى يەنە بىزنىڭ ئۇلارنى ئېتىراپ قىلىشىمىزغا موھتاجدۇر. ئۇلارغا بىزنىڭ ھەقىقي ياردىمىمىز كېرەك. ئۇلار

بىزنىڭ ئاۋازىمىزغا موھتاج ، شۇ ئارقىلىق ئۇلار ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىشقا، ئادىمىيلىك ئىززەت-ھۆرمىتىنى قايتا تىكلىسۇن. قىسقىسى، ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇلار ئۈمىدكە موھتاجدۇر ئۇلارغا ئۈمىد بەخش ئېتەيلى.

2-سوئالنىڭ جاۋابى

پەلسەپىنىڭ نېمىلىكى ھەققىدە تەپسىلىيرەك توختىلىش ئۈچۈن سۆزۈمنى تېخى يېقىندىلا قازا قىلغان ۋە مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان مەشھۇر فرانسىيە يەھۇدىي پەيلاسوپى ژاك دېررىدانىڭ مۇنۇ سۆزى بىلەن باشلايمەن: «پەلسەپە مەڭگۈ گرېكنىڭ!» مانا مۇشۇ پەلسەپە يىگىرمە بەش ئەسىردىن بېرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئۇلى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. كىشىلەر شۇنداق سوئال قويماي تۇرالمايدۇكى، پەلسەپە نېمە ئۈچۈن شۇنچە ئۇزاق ئەسىرلەردىن بېرى غەربتىكى بىر ئاۋانگارت ئىلىملىك رولىنى يوقاتماي كەلدى؟ ئۇنىڭ شۇنچە كۆپ مۇتەپەككۇرلىرىنى، تەبىئىي پەن ئالىملىرىنى، ئىلاھىيەتشۇناسلارنى ۋە ئاۋامنى ئۆزىگە تارتىپ كېلىۋاتقان سېھرىي كۈچى زادى نەدىن كەلگەن؟

بەزىلەر ئېھتىمال پەلسەپە ئۆگىنىشتىكى مەقسەت پەقەت ساپ ئىلىمگە ئېرىشىشتۇر، دەپ قارىشى مۇمكىن. چۈنكى، تارىختىكى نۇرغۇن ئاقىللار پەلسەپىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگەنگەن ھەم ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتىغان. يەنە بەزىلەر پەلسەپە ئۆگىنىش ئىلىملىك بولغانلىقنىڭ ۋە تەربىيە كۆرگەنلىكىنىڭ بەلگىسىدۇر، دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر پەلسەپىنى جاھاندارچىلىقتا كەم بولسا بولمايدىغان ھېكمەتلەرگە ئېرىشىشتىكى يول دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا پەلسەپە پەقەت دۇنيادىن غېمى يوق بىر تۈركۈم قورسىقى توق

ئېسلزادىلەرنىڭ ئەقىل جەھەتتىكى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشىدىكى ئەرمەك دەپ قارايدۇ (ئارىستوتېلنىڭ ئۆزىمۇ پەيلاسوپلارنى جىسمانىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللانماسلىقى كېرەك بولغان كىشىلەر دەپ تەبىرلىگەن). يەنە بەزىلەر بولسا ئۇنى رېئاللىق بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى بولمىغان بىر تاغار قۇرۇق گەپلەرنىڭ يىغىندىسى دەپ قارايدۇ. بۇ قاراشلارنى بىر-بىرلەپ يېشىپ ئولتۇرۇشنىڭ ئورنىغا مەن تۆۋەندىكى بىر سوئالنى نېگىزلىك تۇتقا قىلماقچى: ئىنسانىيەت تارىخىدىكى شۇ قەدەر كۆپ ئاقىللارنى پەلسەپىنى ئۆگىنىشكە مەجبۇرلىغان نەرسە زادى نېمە؟ بۇ شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىنسانىيەت مەيلى قايسى خىل مەقسەتنىڭ تۈرتكىسىدىن بولسۇن پەلسەپىلىشىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇلارنىڭ چوقۇم پەلسەپە يارىتىش ئىستىكىنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ پەلسەپىلىشىشنى باشلىشىنى بىلدۈرىدۇ. گېرمانىيىنىڭ بۈيۈك پەيلاسوپى ئېممانۇئېل كانت مۇنداق دېگەنىدى: «ھېچكىم ھېچكىمگە پەلسەپىنى ئۆگىتەلمەيدۇ، ئۆگەتكىلى بولىدىغىنى پەقەت قانداق پەلسەپىلىشىشتۇر.» ئەگەر بىز پەيلاسوپلارنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىن قانداق ئايرىلىپ چىققانلىقىغا قاراپ چىقساقلا بىزنىڭ نېمشقا پەلسەپە ئۆگىنىدىغانلىقىمىز ۋە پەلسەپىنىڭ زادى نېمىگە پايدىسى بارلىقىنى بىلىۋالالايمىز. شۇ سەۋەبكە كۆرە، گېپىمىزنى سوقراتتىن باشلايمىز ۋە شۇ ئارقىلىق پەلسەپىلىشىشنىڭ مەنىسىگە قاراپ چىقىمىز.

سوقرات غەرب پەلسەپە تارىخىدىكى تۇنجى پەيلاسوپ ئەمەس، ئەلۋەتتە ئاخىرقىسىمۇ ھەم ئەمەس. بىزنىڭ ئۇنىڭدىن كۆرىدىغىنىمىز پەلسەپىلىشىشكە بولغان كۈچلۈك موھتاجلىقنىڭ نامايەندە خاراكتېرلىق ئۈلگىسىدۇر. ئالدى بىلەن شۇنى ئېيتىش كېرەككى، ئۇ ئافېنا شەھەر دۆلىتىنىڭ مىلادىدىن

ئىلگىرىكى 5-ئەسىردە ئۆتكەن يۇقىراسدۇر. ئۇ پەيلاسوپتۇر، چۈنكى ئۇ يۇقىرادۇر. بۇ ئۇنىڭ پەلسەپىلىرىدە نېمە ئۈچۈن سىياسىي تەركىبلەرنىڭ موللۇقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، چۈنكى ئۇ شەھەر دۆلىتىنىڭ ئەڭ تۆپكى مەسىلىلىرىگە دىققىتىنى بەرگەن. ئۇ شەھەر دۆلىتىنى يەككە ئىندىۋىدۇئال شەخسنىڭ ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدىغان مۇئەسسەسە سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئەنە شۇ شەخس ئۆزىدىكى مۇمكىنچىلىكلەرنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان زۆرۈر مۇئەسسەسە سۈپىتىدە كۆرىدۇ.

باشقىلار سوقراتنى ئەقىللىق دەپ قارايدۇ، ئۇ بولسا ئۆزىنى دۆت چاغلايدۇ. شۇندىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ «دۆتلۈكى» نى ئەڭ بىلگۈچىدۇر. ئۇنىڭ پاراستى مۇنداق ئىككى نۇقتىغا مەركەزلەشكەن: ئۇنىڭ بىرى، پەلسەپىدىكى ھەقىقىي مەسىلە ئىنسانىيلىقنى ۋە ئىنسانىيەتنى چۈشىنىش قىلىغان؛ يەنە بىرى پەلسەپە دەل ئىنساننىڭ ئۆزىنى بىلىشىنى چىقىش قىلىشى كېرەك. بۇ ئۇنىڭ «ئۆزۈڭنى بىل» دېگەن مەشھۇر سۆزىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. سوقراتنىڭ قارىشىچە، ئىنسانلىق ۋە ئۆزى ھەققىدىكى بىلىمگە ئىگە بولمىغان ئىنسان ھەقىقىي ئىنسان بولالمايدۇ، شۇڭا ئۇ ھەقىقىي يۇقىرامۇ ئەمەس. ئۇنىڭ بىلمەكچى بولغىنى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بۇ بىلىش ئارقىلىق ئىزدىگىنى ئۆزىگە ئايلىنىش ۋە دۆلەتنى قۇرۇش ئىدى. ئۇنىڭ بىلىشى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلىق روھىغا ۋە سىياسىي ئىدېئالغا تولۇپ تاشقاندۇر. ئۇنىڭ پەلسەپىلىشى ئىنساننىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئىنسانلار توپلىشىپ ياشايدىغان سىياسىي جامائەنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ھەققىدىكى سەمىمىي، تىرەن ۋە سىستېمىلىق ئىزدىنىشنى كۆرستىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇ ئىنسان بىلەن دۆلەتنىڭ نېمىلىكى ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ

قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققىدىمۇ چوڭقۇر ئويلانغان.

مانا مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇنىڭ بىلىشى تەنقىد قىلىش بىلەن باغلانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزى ئىگىلىگەن بىلىملەرنىڭ توغرىلىقىدىن گۇمانلىنىپ ئۆزىنى توختىماستىن تەنقىدلەپ تۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز دەۋرىدىكى ئۆزىنى ھەقىقىي بىلىملىك دەپ قارىۋالغان ساختا بىلىمدانلارنى قاتتىق سۆكىدۇ. ئۇ بىر تەرەپتىن ئۆزى بىلەن توختاۋسىز ئېلىشىپ، ئۆزىدىن ھالقىش ياشىنى ئىستىسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئىمتىياز جەھەتتە ئۆزىدىن كۈچلۈكلەر بىلەن نېمىنىڭ ھەقلىقى ھەققىدە توختىماستىن ئېلىشقان. شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، ھەقىقەت ھەرقانداق ئىمتىيازدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ؛ ئەگەر پەلسەپىلىشىش ئۆزىنى ھەقىقەتكە يېتىشتىكى بىر ئۇرۇنۇش دەپ قارايدىكەن، ئۇنداقتا ئۇ چوقۇم نوپۇزنىڭ سەپسەتىسىگە قارشى تۇرۇشى كېرەك. مانا بۇ تەنقىدنىڭ قەدىمدىن ئۆلمەي كېلىۋاتقان روھىدۇر.

سوقرات ھاياتتىن پەقەت بىرلا نەرسىنى تەلەپ قىلغان: ئەركىن پىكىر قىلىش. ئۇنىڭچە، پىكىرنىڭ ئەركىن بولۇشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ سوقراتنىڭ بولغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ توغرىلىقى ھەم ئۇنىڭ ئادالەتنى ھەممىنىڭ ئۈستىگە قويۇشىدۇر. پەقەت توغرا ئۇسۇلدا قىلىنغان پىكىرلا بىزنى ھەقىقەتكە باشلايدۇ ۋە ئادالەتنى تونۇتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇنىڭچە ھەقىقەت، ئادالەت، گۈزەللىك ۋە ياخشىلىق بىر-بىرىدىن ئايرىلماستۇر. شۇنداقلا ئۇلار پەلسەپىلىشىشنىڭ ئەڭ تۈپكى مەزمۇنلىرىدۇر.

راستىنى ئېيتقاندا، سوقرات پەلسەپىلىشىشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمايتتى. پەلسەپىلىشىش ئۇنىڭغا شۇنداق كەسپ بولۇپ قالغانكى، ئۇنىڭچە پەلسەپىلەشمىگەن ھايات ياشاشقا ئەرزىمەيتتى. ئەنە شۇ سەۋەب

تۆپەيلى، ئۇ ياشلارنى زەھەرلىدى دەپ ئەيىبلىنىپ سوت تەرىپىدىن پەلسەپىلىشىشنى تاشلاپ ھاياتنى نورمال داۋام ئېتىشكە بۇيرۇلغاندا، ئۇ ئۆلۈمنى تاللىۋالغانىدى. يەنى ئۇنىڭ ئۆزى ئىزدەنگەن پەلسەپىلىشىش ئېلىپ كەلگەن ھەقىقىيلىققا بولغان ئىشەنچىسى ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمدىنمۇ ئۈستۈن تۇراتتى. ئۇ مۇساپىر بولۇپ باشقا دۆلەتلەرگە كېتىشنىمۇ ۋە پەلسەپىلىشىشنى توختىتىشنىمۇ خالىمىدى، شۇنداق قىلسا ئۇ ئەلۋەتتە ھاياتىنىڭ تەرتىپىنىمۇ، دۆلەتنىڭ قانۇنىي تەرتىپىنىمۇ ساقلاپ قالالايتتى. لېكىن، ئۇ ھەر ئىككىسىدىن ۋاز كەچمىدى. چۈنكى ئۇ دەل ئاشۇ شەھەر دۆلىتىدە ۋە ئاشۇ شەھەر دۆلىتى ئۈچۈن پەلسەپىلەشكەنىدى، ئۇ ياشاش ئۈچۈن پەلسەپىۋىلەشكەنىدى، چۈنكى پەلسەپىلىشىش ئۇنىڭ ھاياتى ئىدى.

ئۇنىڭ تالانتى، ئىرادىسى ۋە ياخشى نىيىتىنىڭ بولۇشى ئۇنىڭ پەلسەپىلىشىشىنىڭ تاكامۇللىشىشىنىڭ زۆرۈر، لېكىن يېتەرلىك شەرتى ئەمەس. ئۇ پەلسەپىلىشىش ئۈچۈن ياخشى بىر مېتودقا موھتاجدۇر. ئادەم پەلسەپىلىشىشكە بولغان ئوتتەك قىزغىنلىق ۋە نىيەت بىلەنلا پەلسەپىلىشەلمەيدۇ. ئۇ يەنە پەلسەپە ئۇقۇملىرىنىڭ تەبىرىگە قاتتىق پىششىق بولۇشى، يەنە ئىندۇكسىيە (شەيئىلەرنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ھەققىدىكى بىلىمگە ئېرىشتىكى مېتود كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇنىڭدا تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئاۋۋال بىلىنمىگەن ياكى قىياستىكى مەسىلىگە قارىتا يەكۈن چىقىرىلىدۇ، يەنى يېڭى بىلىم يېڭى تەجرىبە بىلەن ئېرىشىلىدۇ)، دېدۇكسىيە (بۇنىڭدا ئاكسىيوملۇق كونا بىلىملەر ئاساسىدە يېڭى بىلىملەر تۈرلەپ چىقىرىلىدۇ)، دىئالېكتىكا (بۇ مەلۇم

ئۇقۇمنىڭ ئۆزىنىڭ قارىمۇ قارشى ئۇقۇمى بىلەن مۇناسىۋەتلىشىش ئارقىلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى بارلىققا كەلتۈرۈشنى كۆرستىدۇ) سوقرات تەرىپىدىن بايقىلىپ ھەقىقەتنى بايقاشتىكى ئاچقۇچ بولغان. مانا مۇشۇ مېتودلار پەلسەپىلىشىشتە تا ھازىرغىچە قوللىنىلىپ كېلىنىۋاتىدۇ. شۇ نەرسە ئېنىق بولۇشى كېرەككى، پەلسەپىۋىلىشىش ماھىيىتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ھەقىقەتكە ئېرىشىشتىكى متودنى ئۆزىنىڭ تەتقىقاتىنىڭ مەركىزىي قىسمى قىلىپ كەلدى. چۈنكى توغرا مېتود بولماي تۇرۇپ ھەقىقەتنى تاپقىلى بولمايدۇ.

سوقرات شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشەنگەنكى، پەلسەپىلىشىش بولمايدىكەن، مەيلى دۆلەت، مەيلى ئىندىۋىدۇئال شەخسنىڭ ئۆزىنى ھەقىقىي چۈشىنەلىشى مۇمكىن ئەمەستۇر. شۇنداقلا ئۇلار ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىكنى تېخىمۇ قىلالمايدۇ. شۇڭلاشقا، پەلسەپە زۆرۈردۇر. ئەلۋەتتە پەلسەپىنىڭ ئۆزى ئۆزىنى يېڭىلاپ تۇرۇشقا موھتاج. لېكىن، پەلسەپە بولمايدىكەن، ئىنسانلار ئۆزلىرىنى بىلىش ۋە ئىنسانىيلىق بۇرچىنى مۇۋاپىق يوسۇندا ئادا قىلىشتىن ئىبارەت بۇ پۇرسەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئەمىسە بۇ يۈزلىنىشنى پەلسەپە قايسى ئاساس ئۈستىگە قۇرىدۇ؟

پەيلاسوپلار تارىختىن بېرى ئۆزىنى ئىلمنىڭ ھەقدارلىرى دەپ قاراپ كەلگەن. ئەگەر پەيلاسوپلارنىڭ بۇ ئۆزلۈك-ئوبرازى (ئادەمنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشى) توغرا بولسا، ئۇنداقتا ئىلىم-پەنچىلەر تەبىئىي پەنچىلەرگە قانداق ئورۇننى تارتۇق قىلىمىز؟ تەبىئىي پەنلەر ئاللىبۇرۇنلا پەلسەپىدىن ئىبارەت «پەقەت» قىياسىي بىلىم بىلەنلا ھەپىلىشىدىغان بۇ «ئاتا ئىلىم» دىن نارازى بولۇپ، ئۆي ئايرىپ چىقىپ كەتمىگەنمىدى؟ بىز يەنىلا پەلسەپە بىزگە تەمىنلەيدىغان بىلىم بىلەن تەبىئىي پەن تەمىنلەيدىغان ئىلمنى

بىر-بىرىگە ئوخشاش ئىلىم سۈپىتىدە قارىشىمىز كېرەكمۇ؟ تارىختىن مەلۇمكى، پەلسەپە ئاللىبۇرۇن ئىلىم-پەن ئىزدىنىشى بىلەن ماس قەدەمدە ماڭغان. ئۇلار تاكى ھازىرغىچە تۆۋەندىكى مېتافىزىكىلىق سوئاللارغا بىرلىكتە جاۋاب ئىزدەۋاتىدۇ: دۇنيا نەدىن كەلگەن؟ ماكان دېگەن نېمە؟ زامان دېگەنچۇ؟ ئالەمنىڭ ماكرولۇق قانۇنىيەتلىرى بىلەن مىكرولۇق قانۇنىيەتلىرىنى ئاخىرى بىرلەشتۈرۈپ، بىر ئورتاق قانۇنىيەتنى بايقىغىلى بولامدۇ؟ (بۇ نيۇتون ۋە ئېينىشتېيىندىن كېيىنكى ئۈچىنچى بۈيۈك فىزىك ستېفېن خوۋكىڭ ئۆزىنىڭ دۇنياۋى بازارلىق كىتابى بولغان «ۋاقىتنىڭ تارىخى» دېگەن كىتابىدا سورىغان سوئالدۇر. لېكىن خوۋكىڭ پەلسەپە پېنىنىڭ ئىلىم-پەن ھەقىقەتلىرىنى بايقاشتىكى مۇمكىنچىلىكىدىن گۇمانلىنىدۇ)، قاتارلىقلار. ئارىستوتېل ئۆزىنىڭ پەلسەپىلىششىنى باشلىغىنىدا ماتېماتىكا پېنىنىڭ بەزى مۇھىم ئاساسلىرى ئاللىبۇرۇن سىلىنىپ بولۇنغانىدى. ئارىستوتېلنىڭ بىئولوگىيىلىك تەجرىبىلىرىگە دارۋىن يۇقىرى باھا بەرگەن. ئىلىم-پەنچىلەردىن دېكارت، لائىبنىز، نيۇتون، پاسكال قاتارلىقلار پەلسەپىنىڭ يەنىلا زۆرۈرلۈكىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن. ئېينىشتېيىننىمۇ بەزىلەر فىزىك دەپ قارىغاندىن كۆرە پەيلاسوپ دەپ قارالغىنى تۈزۈك دەيدۇ. ھەتتا روھ ئانالىزچى فرېئۇدنىمۇ پەيلاسوپ دەپ قارايدىغانلار كۆپ. شۇنىڭدەك، پەيلاسوپلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ دىققىتىنى ھەر زامان تەبىئىي پەن مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە تىكىپ كەلدى. شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئەگەر نيۇتوننىڭ نەزىرىيىسى بولمىغان بولسا، كانتنىڭ پەلسەپە سىستېمىسىنىڭ مۇھىم قىسمىلىرىنى قىياس قىلغىلى بولمايتتى.

شۇنداقتىمۇ، پەلسەپىۋى بىلىم بىلەن ئىلىم-پەنلىك بىلىم ئوتتۇرىسىدىكى

كۆزگە كۆرۈنەرلىك پەرقنى نەزەردىن ساقىت قىلىشقا بولمايدۇ. ئۇلار قوش قاتلاملىق بىلىم، شۇڭلاشقا قوش قاتلاملىق رېئاللىق چۈشەنچىسىدە مۇئەييەن ئورتاقلىقلارغا ئىگە. بۇلار قەدىمقى گرېكلارنىڭ چۈشەنچىسىدىكى قاراش (بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان نەرسىلەر ھەققىدىكى ئادەتتىكى بىلىش) بىلەن بىلىم (يەنى بىزگە كۆرۈنمەيدىغان ياكى ساپ كۆرۈنمە ھالىتىدىكى رېئاللىق توغرىسىدىكى ھەقىقىي بىلىم) نىڭ پەرقىنى كۆرسىتىدۇ. ئالدىنقىسى پەقەت ماكان ۋە زاماندا مەۋجۇت بولغان ئادەتتىكى شەيئىلەر ھەققىدىكى كۆز قاراش خاراكتېرلىق چۈشىنىشنى كۆرسەتسە، كېيىنكىسى بۇنىڭدىن ھالقىغان ھەقىقىي ۋە شەيئىلەر ئەسلىدىن ئۆزى بولغانلىق ھەققىدىكى بىلىمنى كۆرسىتىدۇ. ماركسنىڭ نەزەرىيىسى بۇ پەرقنى ناھايىتى ئوبدان ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. ئۇنىڭچە، ئەگەر شەيئىلەر بىزگە ئاددىي ھالدا مۇنداقلا كۆرۈنسە ۋە ئۇلارنىڭ ئەسلىدىن زادى قانداقلىقىنى بىلمىسەك، بۇ ھەقىقىي بىلىم بولالمايدۇ. بىز ئىلىم-پەن بىلەن پەقەت ئىلىم-پەن بىلەن شۇغۇللىنىش ئۆچۈنلا شۇغۇللانمايمىز، بەلكى بىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شەيئىلەرنىڭ (شەيئىلەرنىڭ بىزگە ئادەتتە كۆرۈنۈشلىرىنىڭ) ئارقىسىدا پىنھان قالغان ۋە بىلىنمىگەن ساپ رېئاللىقنى تېپىش ئۈچۈن شۇغۇللىنىمىز. ماركس ئىقتىسادىي رېئاللىقنىڭ جەمئىيەت ۋە تارىخنىڭ فۇندامېنتال رېئاللىقى ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. مۇشۇ رېئاللىق دەل كۆزىمىزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان ھادىسىۋى مەۋجۇتلۇق ھالىتىنىڭ ئىچكىرىسى ياكى ئارقىسىدىكى ئەبستراكت تەپەككۇر ئارقىلىقلا بىلگىلى بولىدىغان رېئاللىقتۇر.

كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، ئالىملار شەيئىنىڭ قانداق فۇنكسىيىسىنىڭ بارلىقىنى ئېنىقلىقى بىلەن بىلىشنى

ئىستەيدۇ، لېكىن پەيلاسوپلار بولسا رېئاللىقتىكى (يەنى بىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزدىن ھالقىغان رېئاللىقتىكى) شەيئىنىڭ قانداقلىقىنى بىلىشنى ئىستەيدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئالىملار تەجرىبە ئارقىلىق نامايان قىلغىلى بولىدىغان ئېنىقلىق ۋە فۇنكسىيە ئامىللىرىنى تەكىتلىسە، پەلسەپە نېمىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىدۇ، ئىپادىلەيدۇ. پەيلاسوپلارنىڭ قارىشىچە، رېئاللىقنى ئىلىم-پەنچىلەرگە ئوخشاش پەقەت ئۇنىڭ فۇنكسىيىلىك ئامىللىرىغىلا تارايتىش رېئاللىق ھەققىدىكى تولۇق بولمىغان بىلىشتۇر. ۋەھالەنكى ئىلىم-پەنچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئىنسانىنىڭ تەجرىبىسىدىن ھالقىپ كەتكەن رېئاللىق ھەققىدە بىلىشنى تەلەپ قىلىش ئادەمنى ئەڭ ئاخىرىدا ئىسپاتلاش مۇمكىن بولمىغان ۋە پەقەت تەسەۋۋۇر ئارقىلىقلا قىياس قىلىنغان نەرسىنىڭ بىلىشى بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇنىڭغا قارىتا پەيلاسوپلار شۇنداق جاۋاب قايتۇرىدۇكى، ئىلىم-پەنچىلەرنىڭ قانچىلىك تەرەققىي قىلىپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار يەنىلا نۇرغۇنلىغان ماھىيەتلىك سوئاللارغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ. ئەگەر پەلسەپە ئىسپاتلاش مۇمكىنسىز بولغان قىياسلارغا بېرىلىپ كەتتى دېيىلسە، ئىلىم-پەنچىلەر نېمىنىڭ ھەقىقىي رېئاللىق ئىكەنلىكىنى ئىنكار قىلىدۇ. ئۇنداقتا پەلسەپىنىڭ ئىلىم-پەن ئۆز مۇستەقىللىقىغا ئېرىشكەندىن كېيىنكى ئورنى قانداق بولۇشى كېرەك؟

پەلسەپىنىڭ تارىختىن بېرى ئىزچىل تۈردە ھەرگىزمۇ ماتېماتىكىلىق بىلىم، فىزىكىلىق بىلىم ياكى تارىخىي بىلىم دېگەن نېمە ئەمەس بەلكى بىلىم دېگەن نېمە دېگەننى سوراپ كېلىۋاتىدۇ. بۇ سوئال شۇ قەدەر تەس ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىش شۇ قەدەر زۆرۈر ئىكەنكى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسانلار 25 ئەسىر ئىزدەندى ۋە يەنە ئىزدىنىدۇ. بۇ سوئالغا ئىلىم-پەننىڭ ھەقدادىغا

يەتكۈزۈپ جاۋاب بېرىپ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس. ئىلىم-پەن گەرچە ئۆزىنىڭ مۇئەييەن تەتقىقات دائىرىسىدىكى شەيئىلەر ھەققىدىكى بىلىم بىلەن تەمىنلىيەلىسىمۇ، لېكىن بىر پۈتۈنلۈك مەنىسىدىن چىقىپ سورالغان «بىلىم دېگەن نېمە؟» دېگەن سوئالغا جاۋاب بېرەلمەيدۇ.

ئىلىم-پەنچىلەرگە ئوخشاش، پەيلاسوپلارمۇ شەيئىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى سوراپلا قالماستىن يەنە مۇشۇ نېمىشقىنى باشقىچە چۈشىنىدۇ. ئۇلار شۇنىڭغا چوڭقۇر ئىشىنىدۇكى، ئەگەر بىرەر شەيئىنىڭ نېمىشقا بىلىنمىگەنلىكى ئېنىق بولمايدىكەن، ئۇنى بىلگىلى بولمايدۇ؛ شۇنىڭدەك پۈتكۈل شەيئىلەر ھەققىدىكى ئاداققى ۋە ئومومي نېمە ئۈچۈنلەر بىلەن تونۇشماي تۇرۇپ، بىرەر يەككە شەيئىنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىگە جاۋاب تاپقىلى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى بۇ ئاداققى ۋە ئومۇمي نېمە ئۈچۈنلەر سەۋەب بىلەن نەتىجىلەرنىڭ بىر بىرىگە باغلىنىشىنى سۆزلەيدىغان قانۇنىيەت بولماستىن، بەلكى رېئاللىقنىڭ ئومۇمىيلىق ۋە ئاداققىلىق يۈكسەكلىكىدىكى قۇرۇلمىسىدۇر. مانا بۇ پەلسەپىنىڭ خانتاجى بولغان مېتافىزىكىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى ۋە نېگىزلىك مەنىسىدۇر.

بۇ بىزنى پەلسەپىنىڭ ئىككىنچى چوڭ ساھەسىگە ئېلىپ بارىدۇ: رېئاللىق دېگەن نېمە؟ رېئاللىق ئۆزىنى قانداق ئايان قىلىدۇ؟ رېئاللىق بىلەن بىلىم بىر-بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان، بىر بىرىگە باغلانغان ئىككى ساھەدۇر. شۇڭا، رېئاللىقسىز بىلىمنى، بىلىمسىز رېئاللىقنى قىياس قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىنسانىيلىق مانا مۇشۇ ئىككىسىنىڭ ئايرىلماس تەركىۋى قىسمىدىن تۈزۈلىدۇ. ئىنسانىيەت ئادەمنى ھەر ۋاقىت ئارامسىزلاندۇرۇپ تۇرىدىغان مۇنۇ سوئاللارنى سوراپ تۇرىدۇ: رېئاللىق دېگەن نېمە؟ ئىنسان سۈپىتىدىكى

«مەن» بۇ رېئاللىقتا قانداق مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ؟ بۇ سوئاللارنى كانتنىڭ تۆۋەندىكى كلاسسىك سوئاللىرىغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن: مەن نېمىنى بىلەلەيمەن (بىلىم ھەققىدىكى ماھىيەتلىك سوئال)، مەن نېمىنى چوقۇم قىلىشىم كېرەك (ئەخلاق ياكى ئەخلاقىي بۇرچ ھەققىدىكى مۇتلەق بۇيرۇقنىڭ سوئال شەكلىدە ئىپادىلىنىشى)، ئۈمىد باغلىشىم ئۈچۈن ماڭا بېرىلگىنى نېمە (ئادەم ئۆلگەندىن كېيىنكى مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ مۇمكىنچىلىكى ھەققىدىكى ئويلىنىش)  بۇلارنىڭ نېگىزى دەل ئىنسان دېگەن نېمە دېگەن سوئالغا تۈگەللىنىدۇ.

ئەمدى پەلسەپىنىڭ ئۈچىنچى چوڭ ساھەسىنى قىسقىچە سۆزلەيمەن. بۇ دەل رېئاللىقنىڭ مەنىسىدۇر. يەنى بۇ شەيئىلەرنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنىلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ نېمىگە كېرەك بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.
شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۇلارنىڭ ھېچقانداق مەنىسى يوق. ئۇلار قىممەتتىن خالىي نېترال مەۋجۇداتلادۇر. ئۇلار پەقەت ئىنسانىيەت دۇنياسىغا قاتناشقاندىلا ھەم ئىنسانلارنىڭ قىممەت بېكىتىشىگە ئېرىشكەندىلا بىرەر مەنىگە ئىگە بولىدۇ. مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاداققى مەنە توغرىسىدىكى ئىزدىنىش ئەڭ ئاخىرىدا ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىگە تۈگەللىنىدۇ. ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى بارمۇ؟ ياشاشتىكى مەقسەت نېمە؟ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسىنىڭ سىياسىي ھايات، ئىقتىسادىي ھايات ۋە تارىخىي ھايات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى نېمە؟

پەلسەپە يىغىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەتنىڭ توختاۋسىز ھالدا نېمىنىڭ بىلىش، نېمىنىڭ رېئاللىق ۋە نېمىنىڭ ئىنسان ھاياتىنىڭ مەنىسى ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىنىڭ جەۋھىرىدۇر. ئۇ ئىنتايىن كەسكىن ئەقلىي ئىزدىنىشتۇر،

ئەقلىيلىق ۋە تەنقىد روھىدىن ئايرىلغان ئىزدىنىش ھەقىقىي ئىزدىنىش ئەمەس. بىز سوقراتتىن شۇنى كۆردۇقكى، ئۇنىڭ پەلسەپىلىشىشتىكى ئاساسلىق ۋەزىپىسى دەل تەنقىدچىلىكتۇر. ئۇ ئۆزىنى ئەقىلدار دەپ قارىۋالغانلارنى شەپقەتسىزلەرچە تەنقىد قىلىپ، ھەقىقەتنىڭ ھەممىدىن ئۇستۈن تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇنىۋېرساللىقىنى ۋە ھەرقانداق شەخسنىڭ توغرا تەپەككۇر ئارقىلىق ئۇنىڭغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنقىلاب خاراكتېرلىق يېڭىلاش ئېلىپ كېلىپلا قالماستىن يەنە پەلسەپىنى ئىنسانىيەتنىڭ ئىدېئولوگىيىگە قارشى تۇرۇشىدىكى يەنى ئىنساننىڭ ھەرقانداق نوپۇزنىڭ تەسىرىدىن خالىي ھالدا ئەركىن پىكىر قىلىشىدىكى تايانچ ئىلمىلىك ئورنىنى ئورناتتى. ماكىئاۋېللىدىن تارتىپ شۇ نەرسە ئېنىق بولۇپ كېلىۋاتىدۇكى، ئىدېئولوگىيىلىك سىستېمىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ ماھىيىتى دەل ھەقىقىي رېئاللىقنى شەخسىي ۋە ئىجتىمائىي مەنپەئەتلەرنىڭ پايدىسى ئۈچۈن يوشۇرۇشتۇر. ئەلۋەتتە ھەرقانداق شەكىلدىكى ئىدىيە ئۆزى قاتنىشۋاتقان سىياسىي تۈزۈمنىڭ، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ۋە كۇلتۇرنىڭ كۈچلۈك تەسىرى ئاستىدا بولىدۇ. لېكىن پەلسەپىنىڭ كىشىلەرگە تەمىنلەيدىغىنى ۋە كىشىلەرنىڭ پەلسەپىلىشىش ئارقىلىق ئېلىپ بارىدىغىنى ئەركىن پىكىر قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىش ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. پەلسەپە ئۆزىنى تارىختىن بېرى خىلمۇ خىل توسقۇنلۇقلاردىن ھالقىتىش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ.

يۇقىرىقى نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپىلىشىش ھەر بىر ئىنسان ۋە ھەر بىر مىللەت ۋە ياكى ھەر بىر دۆلەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر. ئەنگلىيە پەيلاسوپى ئا.ن. ۋايتخېد «بىرەر مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىياتىنى بىلىش ئۈچۈن

ئۇنىڭ پەلسەپۋى ئۇقۇملىرىنىڭ قانچىلىك كۆپلۈكى ۋە موللۇقىغا قاراش كېرەك» دېگەنىدى. دەرۋەقە، پەلسەپىلىشىشنىڭ كېرەك قىلىدىغىنى ئۇقۇملاشقان تەپەككۇردۇر. بۇنىڭدا رېئاللىقنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكلىرى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان ئۇقۇملارنىڭ قۇرۇلمىسى بىلەن چۈشەندۈرۈلىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئۇقۇملىرى قانچە دەل ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت قانچە ئىنچىكىلەشسە، بىزنىڭ رېئاللىق ھەققىدىكى چۈشىنىشىمىز شۇنچە كەڭ ۋە شۇنچە چوڭقۇر بولۇپ ماڭىدۇ. پەلسەپىنىڭ ئاداققى ئۇقۇملىرى كۆپ ھاللاردا ياخشىلىق، گۈزەللىك، ئادالەت ۋە ھەقىقەت قاتارلىقلاردۇر. غەرب پەلسەپىسى مانا مۇشۇ تۆپكى ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى ئىزدەش ئارقىلىق رېئاللىقنى خىلمۇ خىل شەرھلەپ كەلدى.

پەلسەپە بىر مىللەت ئۈچۈن شۇنىڭ ئۈچۈن زۆرۈركى، ئۇ دەل ئاشۇ مىللەتنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تېرەنلىرىدە بايقالغان رېئاللىقنى ئۇقۇملاشقان سىستېمىدا ئەكس ئەتتۈرىدۇ. شۇنداقلا ئۇ شۇ مىللەت كۇلتۇرى ئۆزىدە ئىپادە قىلغان تۈرلۈك تەپەككۇر رېئاللىقنى ئۇقۇملاشتۇرۇپ ماڭىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشۇ مىللەت تۈپى ئۆزىنىڭ دۇنيا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ ئۇقۇملۇق قۇرۇلمىسىنى، يەنى نەزەرىيىۋى تەپەككۇر ئالاھىدىلىكىنى، ھېس قىلىپ ۋە ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ماڭىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇقۇملۇق تەپەككۇرگە مايىل مىللەتلەرنىڭ دۇنيانى چۈشىنىشى كۆپ قاتلاملىق ۋە تېرەن بولىدۇ، چۈنكى ئۇلار كۆرۈنمە دۇنيادىن ھالقىپ رېئاللىقنىڭ ئاداققى قۇرۇلمىسىنى ۋە مەنىسىنى چۈشەنمەك بولىدۇ. ئەكسىچە قىلىپ ئېيتقاندا، پەلسەپە ئارقىلىق مەلۇم مەدەنىيەتنىڭ تەپەككۇر ئادىتىنى، خىلمۇ خىل ئىشىنىشلىرىنىڭ

سستېمىلىق باغلىنىشىنى ۋە ئەخلاق كۇلتۇرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا، يەنە شۇ پەلسەپە ئارقىلىق شۇ مىللەت ئەزالىرىغا قارىتا ئىدىيىۋى ئاقارتىش ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، مەسىلەن قانداق مەسىلىلەرنى ئويلاش ۋە قانداق ئويلاش، ئەخلاق مەسىلىلىرىگە قارىتا قانداق ھۆكۈم چىقىرىش، قاتارلىقلار.

قويۇق مىللىيلىك ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇش سۈپىتى بىلەن، پەلسەپە شۇ مىللەتنىڭ ئەزالىرىنىڭ تەپەككۇرىنىڭ تەدرىجىي قېلىپلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ. پەلسەپە ئىنتايىن مۇنتىزىم تەپەككۇر جەريانىنى تەلەپ قىلىش جەھەتتە ماتېماتىكىدا پېنىدىن قېلىشمايدۇ، شۇڭا ئۇ مۇئەييەن جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ پىكىر قىلىشتىكى يېتەرسىزلىكلىرىنى بايقىشىغا ۋە يېڭىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. پەلسەپىدە قانچە تەرەققىي قىلغان مىللەتنىڭ ئەقلىي تەپەككۇرىمۇ شۇنچە كۈچلۈك بولىدۇ. ھەقىقەتنى تونۇش ۋە ئۇنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرۈشتەك پەلسەپىۋى پوزىتسىيە ئاشۇ جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ ئۆيۈشقاقلىقىنى ئاشۇرىدۇ، چۈنكى ئەقىل بىلەن ئىش قىلىدىغانلار كۆپ سانلىقنى ئىگىلەيدىغان جەمئىيەتتە كىشىلەر قانۇننى، ئادالەتنى ۋە ياخشىلىقنى قوغلىشىشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. مانا مۇشۇ ئامىللار ئەنە شۇ جەمئىيەتنىڭ ئەقلىي جەمئىيەت بولۇشىنىڭ ئاساسىدۇر. كىشىلەر ھەممە ئورتاق ئىگە بولغان ئەقلنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئىشلىتىشكە يۈزلەنسە، شەكسىزكى ئۇلار مۇشۇ ئەقىل تەلەپ قىلىدىغان تەلەپكە بوي سۇنىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار ئۇشبۇ ئەقىلنىڭ گەۋدىلىنىشى بولغان قانۇننى، ئەخلاقىي نورمىلارنى ۋە جامئە قائىدە-تۈزۈملىرىنى يەكدىللىق بىلەن ھىمايە قىلىدۇ ۋە قوللايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى تېگىدىن ئالغاندا ھەممىگە ئورتاق بولغان

ئەقلىنىڭ فۇنكسىيىسىنىڭ ھەممىدە ئورتاق رول ئوينىاپ، ئۆز-ئارا ئۇيۇشۇشچانلىق ۋە ماسلىششىنى مەيدانغا كەلتۈرۈۋاتقانلىقىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇيغۇرلارغا غەرب پەلسەپىسىنى تونۇشتۇرۇش نۆۋەتتىكى مۇھىم ۋەزىپىلەرنىڭ بىرىدۇر. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن غەرب پەلسەپىسى تەتقىقاتىنىمۇ قانات يايدۇرۇشىمىز، ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە غەرب پەلسەپىسىنى ئۆتۈشنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى. لېكىن بۇنىڭدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلار بار. مەن بۇ يەردە پەقەت بىر قەدەر كەڭ دائىرىدىكى مەسىلىلەرنىلا ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمەن.

ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە بولامدۇ؟ بۇ بىر قىسىملىرىمىز بولۇپمۇ مەن ئەڭ كۆڭۈل بۆلىدىغان تېمىدۇر. ئۇيغۇرلاردا كەلگۈسىدە پەلسەپىنىڭ بولۇشىنى ئالدى بىلەن جوڭگودا پەلسەپىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن چىقىپ تۇرۇپ ئويلاشقان ياخشى. مەيلى چەتئەلدىكى بەزى تەنقىدچىلەرنىڭ قانداق باھا بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، جوڭگودا قەدىمدە پەلسەپە ئەنئەنىسى بولغان، گەرچە بۇ غەربنىڭكىگە ئوخشاپ كەتمىسىمۇ. لېكىن، بۇ ئەنئەنە ئاللىبۇرۇن توختاپ قالغان بولۇپ، ھازىر بەزى پەلسەپە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ قىلىۋاتقىنى پەقەت بېرىنى توختىماستىن شەرھلەشتۇر. يەنە بەزىلەرنىڭ قىلىۋاتقىنى ياكى ماركسىزم پەلسەپىسىنى ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىش ۋە ياكى غەرب پەلسەپىسىنى ئۆگىنىپ، شۇنى شەرھلەشتۇر. ئۇلار ئۆزىنىڭ پەلسەپە ئەنئەنىسىنىڭ غەربنىڭكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقىنى قەلبىنىڭ چوڭقۇرلىرىدىن ئېتىراپ قىلغاچقا، قەدىمقى پەلسەپە ئەنئەنىسىگە قايتىشنى خالىمايدۇ، لېكىن ئۇلار شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۆزلىرىنىڭ غەرب پەلسەپىسىدىن تۈپتىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان پەلسەپە ئەسەرلىرىنى

يارىتىشمۇ ۋاقتىنچە مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇلار ئوتتۇرىدا توختاپ قالغۇچىلاردۇر. ئۇلار قەدىمقى پەلسەپە ئەنئەنىسگە قايتىشنى خالىمايدۇ، شۇنداقلا غەربنىڭكىنىمۇ تېگى-تېگىدىن خۇددى غەربلىكلەر ئۆزلىرىنىڭكىنى چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيدۇ. چۈنكى، پەلسەپە گەرچە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئىزدىنىشىنىڭ ئوبيېكتى بولغان ھەقىقەتنى نىشان قىلسىمۇ، ئۇ يەنە قويۇق كۇلتۇرلۇق ئالاھىدىلىكىنىمۇ ھازىرلىغان. ئۇنى تەلتۆكۈس چۈشىنىش ئۈچۈن ئۇشبۇ كۇلتۇرغا نىسبەتەن بىۋاستە تەجربە بولۇشى كېرەك.

مانا مۇشۇ خىل ئوتتۇرىلىقنا قېلىش ھالتى جوڭگو پەلسەپە تەتقىقاتچىلىرىغا يېڭى خىرىس ئېلىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىكى مەركىزىي مەسىلە جوڭگودا پەلسەپىنىڭ كەلگۈسىدىكى تەرەققىيات مەسىلىسىدۇر. پەلسەپە، ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا غەرب ئەقىل-پاراسىتىنىڭ مەھسۇلى بولغاچقا، پەلسەپە ئاتالغۇلىرىنىڭ ۋە ئۇقۇملىرىنىڭ ھەممىسى شەكسىزكى غەربنىڭكىدۇر. ئۆزىگە خاس پەلسەپە كۇلتۇرى ياراتماقچى بولغانلار مۇنداق رادىكال تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ: ياكى غەربنىڭ پەلسەپە ئۇقۇملىرىنى ئارىيەت ئېلىپ غەربنىڭكىگە ئوخشايدىغان پەلسەپە يارىتىش ياكى ئۆزىنىڭ ئەنئەنىۋى پەلسەپە ئەنئەنىسگە قايتىپ، ئۇنىڭدىن ئىجادىي ئىلھام ئېلىش. لېكىن، غەربلىكلەرنىڭ بۇ خىل ئۇسۇلدا يارىتىلغان پەلسەپە ئەسەرلىرىدىن زوقلىنىشى قىيىنغا چۈشۈشى مۇمكىن، چۈنكى بىز ئۇلارنىڭ پەلسەپىسىنى تېگى-تېگىدىن چۈشەنمىگەندەك، ئۇلارمۇ بىزنىڭكىنى تېگى-تېگىدىن چۈشەنمەيدۇ. شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ بۇنداق پەلسەپىنىڭ تەسىر كۆرستىش دائىرىسى يەرلىك كۇلتۇر بىلەنلا چەكلىنىپ، ھاياتىي كۈچى ئاجىز

بولىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، جوڭگودا پەلسەپە تەتقىقاتى بىر بىرى بىلەن كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان مۇنداق ئىككى رادىكال ھالەتنى ئۆزىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ كېلىۋاتىدۇ: يا غەرب پەلسەپىسىنىلا شەرھلەش يا قەدىمقى پەلسەپە ئەسەرلىرىنىلا شەرھلەش. يۇقىرىقىلاردىن قارىغاندا جوڭگودا پەلسەپە بىلەن ئىجادىي شۇغۇللىنىشقا خېلى ۋاقىت كېتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە تەتقىقاتى تېخىمۇ ئاجىز ھالەتتە ۋە ھەتتا يوق دېيەرلىك. ئۇيغۇرلاردا پەلسەپە يارىتىشنىڭ مۇمكىنچىلىكىنى تېخىمۇ كەڭرىرەك كۇلتۇر ۋە دىنىي ئارقا كۆرۈنۈشتىن چىقىپ تۇرۇپ ئويلاش كېرەك. ئىسلام دىنىنىڭ پەلسەپە، يەنى غەربلىكلەرنىڭ چۈشىنىشىدىكى پەلسەپە، بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئالاھىدىراق. شۇ نەرسە ئېنىقكى، پەلسەپىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تەتقىقات نىشانى مۇتلەق رېئاللىق بولمىش ئىلاھىي رېئاللىق ھەققىدە ئىزدىنىشتۇر. لېكىن ئىسلامدىكى بەزى ئۆلىمالار ئىنسانىنىڭ ئىلاھىي رېئاللىق ھەققىدىكى چەكتىن ئاشقان ئىزدىنىشىنى قۇرئانىنىڭ ئەسلى روھىغا، يەنى خۇدانىڭ رېئاللىقى ھەققىدە زىيادە ئىچكىرلاپ كىرمەسلىك ھەققىدىكى تۆپكى روھىغا، خىلاپ دەپ قارايدۇ. يەنە بەزىلەر بولسا پەلسەپە بىزنىڭ خۇدانى تېخىمۇ چوڭقۇرراق چۈشىنىشىمىزگە يول ئاچىدۇ دەپ قارايدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە ئۇيغۇرلاردا پەلسەپىنىڭ بولۇش بولماسلىقى دەل ئالدى بىلەن مۇشۇ زىددىيەتنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا باغلىق. لېكىن بۇ يەردە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىش شۇكى، پەلسەپىنى چوقۇم خۇدانىڭ چۈشىنىشنىڭ يولى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنىڭسىزمۇ ئۇنىڭ مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇشنىڭ ئۆزىگە خاس يوللىرى بار بولغان. مانا مۇشۇ نۇقتا بىزنى تۆۋەندىكى مۇمكىنچىلىككە باشلايدۇ: ئۇيغۇر پەلسەپىسىنىڭ كەلگۈسىدىكى

تەرەققىياتىنى تۈركىي مىللەتلەرنىڭ پەلسەپە كونتېكستىدىنمۇ ئىزدەش. ئېيتىپ ئۆتكىنىمدەك، پەلسەپە كۈچلۈك كۈلتۈرلۈق ئالاھىدىلىككە ئىگە ئىلىمدۇر. لېكىن بۇنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن قانداق مۇمكىنچىلىكلىرى ۋە مەسىلىلىرىنىڭ بارلىقى ھەققىدە مەن ھازىر ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيمەن، چۈنكى مەن بۇ ھەقتە تەپسىلىي ئىزدىنىپ باقمىدىم. بۇ مېنىڭ كېيىنكى قىلىدىغان پىلانلىرىمنىڭ بىرىدۇر.

مېنىڭ ھازىرچە تەكىتلەيدىغىنىم ئالدى بىلەن پەلسەپىنىڭ ئانا غول ئېقىنى بولغان غەرب پەلسەپىسى بىلەن خەلقىمىزنى بىر قەدەر سىستېمىلىق تونۇشتۇرۇشتۇر. بۇ خىزمەتنىڭ نۇرغۇن قىيىنچىلىقلىرىنىڭ بارلىقىمۇ مۆلچەرىمدىدۇر. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزدە ھازىر ئەڭ جىددىي ئېھتىياقلىق بولىۋاتقىنى غەرب پەلسەپىسىنى خېلى چوڭقۇر بىلىدىغان تايانچ كۈچلەرنىڭ يېتىشىپ چىقىشىدۇر. لېكىن، بىزدە بۇ ساھەدە ناھايىتى ئاز ساندىلا ئادەم بار. ھەممىنى يېڭىدىن باشلاش توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىزدىكى ئەھۋال دەل جوڭگوچە: ئەگەر پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانساق ئىشنى ئالدى بىلەن غەربنىڭكىنى شەرھلەشتىن باشلىشىمىز كېرەكمۇ ياكى ئۆزىمىزنىڭ قەدىمقى ئىدىيە كۈلتۈرىغا مۇراجىئەت قىلىشتىنمۇ؟ مېنىڭچە، بىز ھەممىنى يېڭىدىن باشلايدىغان بولغاچقا ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت غەربنىڭ مۇھىم پەلسەپە ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئىدى. پەقەت مۇشۇنداق بولغاندىلا ئۆز تىلىمىزدا تەتقىقاتنى ئاددىي بولسىمۇ باشلىۋالاتتۇق. لېكىن بۇ خىزمەتنى قىلىشقا ئۆزىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېغىشلىيالايدىغانلاردىن نەچچىمىز بار؟

## 3-سوئالغا جاۋاب

ئالدى بىلەن مۇشۇ «ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرەيلى!» دېگەن چاقىرىقتىكى «دۇنيا» دېگەن ئاتالغۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېتەيلى. شۇنىسى ئېنىقكى، بىز، يەنى خۇددى ئەتراپىمىزدا تولۇپ ياتقان نۇرغۇن ئابستراكت ۋە قۇپقۇرۇق شوئارلارنىڭ مەنىسىنىڭ نېمىلىكىگە كەمدىنكەم سوئال قويۇپ باققۇچىلار، ئوخشاشلا بۇ شوئارنىڭمۇ مەنىسى ھەققىدە كەمدىنكەم ئويلىنىپ باقتۇق. بۇنىڭدىكى «دۇنيا» نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئۇزۇپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، بۇ يەردىكى «دۇنيا» دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدىكى دۆلەتلەرنى ئەمەس، بەلكى ئالدى بىلەن غەرب دۆلەتلىرىنىلا كۆرسىتىدۇ. مېنىڭ بۇ قارىشىمنىڭ ئەنئەنىچىلەرنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغايدىغانلىقىنى بىلىمەن، لېكىن، بۇ بىر ئەمەلىيەت. شۇنى سەمىمىلىك بىلەن ئېتىراپ قىلايلۇقكى، پەقەت غەربتە ئېتىراپ قىلىنغان ئەدەبىياتلا «دۇنياغا» يۈزلەنگەن بولىدۇ. غەربتىكى غايەت زور تەتقىقات مەئەسسەسلىرى، ئەدەبىياتنا يۇقىرى تەربىيە كۆرگەن كىتابخانلار ۋە نەشرىيات سودىگەرلىرى، دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرىدىكى تەتقىقاتچىلار ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ دىققىتىگە ئېرىشكەن ئەسەرلەرلا ئاندىن دۇنياغا تونۇلالايدۇ.

بىرەر يازغۇچىنىڭ ئەسىرىنىڭ غەربتىكى بىرەر مۇھىم تىللارغا تەرجىمە قىلىنىشى ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ «دۇنياغا يۈزلىنىشى» نىڭ باشلىنىشى خالاس. ئۇ يەنە تەتقىقاتچىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىشى، ئۇ ھەقتە ماقالىلەر يېزىلىشى، مۇھاكىمە يىغىنلىرى ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك. «دۇنياغا يۈزلىنىش» نىڭ ئاخىرقى يولى يەنە بىرەر خەلقئارالىق ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىششتۇر.

ئەلۋەتتە مەن شۇنىمۇ ئېتىراپ قىلىمەنكى، ئەدەبىي ئەسەرنىڭ قىممىتى

ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئۆزىدە ساقلانغان بولىدۇ. مانا مۇشۇ قىممەت ۋاقتتىن، تىلدىن ھالقىغان ۋە ھەتتاكى باشقىلارنىڭ باھالىرىغا پەرۋاسىز قارىيالايدۇ. لېكىن شۇنداق بولسىمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ قىممىتى باشقىلارنىڭ قاتنىششى ئارقىلىق ئارتقۇرۇلىدۇ. مانا بۇ ئەدەبىي ئەسەرنىڭ زىددىيەتلىك تەرىپىدۇر. ئېھتىمال ھېچقانداق بىر يازغۇچى ئەسىرىنى ئۆزى ئوقۇش ئۈچۈنلا يازمىسا كېرەك، شۇنداقلا ئۇ ئۇنى بىرەر ئالاھىدە كىتابخانىڭلا ئوقۇشى ئۈچۈن يازمايدۇ. يازغۇچى ئەسەرنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ئاخىرلىشىدۇ: يازغۇچى ئۆز ئەسىرىگە «ئىگە» بولالماي قالىدۇ. دەل مۇشۇ ئايرىلىش يازغۇچىنى ئەسىرىنىڭ قانداق قوبۇل قىلىنىشىنى كونترول قىلالمايدىغان ئورۇندا چۈشۈرۈپ قويىدۇ. ھەتتا ئۇ ئۆز ئەسىرى ھەققىدە ئاپتورلۇق سۈپىتىدە سۆزلەش ئەركىنلىكىنى ساقلاپ قالالىسىمۇ ھەمدە ئۇنىڭ سۆزلىرى مەزكۇر ئەسەر ھەققىدىكى نوپۇزلۇق شەرھ دەپ قارالسىمۇ، ئۇ يەنىلا ئۆز ئەسىرى ھەققىدە خۇددى باشقىلار شۇ ئەسەر ھەققىدە توختالغاندەك توختىلىش تەقدىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. ئەسەر ھەققىدە سۆزلەيدىغانلارنىڭ قايسى نۇقتىدىن چىقىشى ۋە ئەسەردىن نېمىلەرنى بايقىشى ئۇشبۇ ئەسەرنىڭ ئەسەر ئاپتورى بولغان مۇناسىۋەتتىگە يېڭى ئۆزگىرىش ئېلىپ كېلىپ ئەسەرنى يىراق-يىراقلارغا يۈزلەندۈرىدۇ. مانا بۇ ئۇنىڭ «دۇنياغا يۈزلىنىشى» نىڭ ئوخشاشمىغان كىتابخانلار تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشىنىڭ قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىدۇر.

ئەدەبىياتنىڭ غەربنى ئاساس قىلغان «دۇنياغا يۈزلىنىشى» نىڭ يۇقىرىقىنىڭ ئەكسى بولغان يۈزلىنىشمۇ بار: غەربكە تونۇلۇش ئۈچۈن بىز

ئالدى بىلەن غەربنىڭ ۋە باشقا ئەل ئەدەبىياتلىرىنىڭ ئىلغار تەرەپلىرىنى ئۆزىمىزگە يۇزلەندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ ئىككى جەريان بىر بىرىنى شەرت قىلىدۇ، شۇڭا دىئالېكتىكىلىق باغلىنىشقا ئىگە. شۇنى ئالدى بىلەن ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، بىزدە غەربنىڭكى دېسە كۆپ قىسمىمىز دەرھال قارشى تۇرۇپ، ئۇنى چىرىك ئىدىيىلەر، ئادەم چۈشەنمەيدىغان نەزىرىيىلەر ۋە ئاجايىپ غارايىپ ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن تولغان دەپ قارايىمىز ھەمدە تۈپتىن رەت قىلىش تەرەپدارى بولىمىز. لېكىن ئۆزىمىزنى ئېپ قاچقۇسىز سوئال شۇكى، غەربنىڭ سەنئەت ئىدىيىلىرى راستىنلا شۇ قەدەر پاسسىپ ۋە زىيانلىقمۇ؟ بىز غەربنىڭكىنى قانچىلىك چۈشىنىپ بېقىپ مۇشۇ باھانى بېرىۋاتىمىز؟

بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاب بېرىش زۆرۈردۇر: ئۇيغۇرلار غەرب ئەدەبىياتى ۋە ئۇنىڭ بىلەن ياندىشىپ كېلىدىغان غەرب پەلسەپىسى بىلەن قاچان قانداق تونۇشتى؟ بۇنىڭ باشلىنىشىنى 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا باشلانغان يېڭىچە شېئرىيەت ھەرىكىتىگە سۇرۇشكە بولىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى بۇ ھەرىكەت داۋامىدا بىر قىسىم شائىرلار ھەقىقەتەن غەرب سىمۋولىزملىق شېئرىيەت ئېقىمىنىڭ پېشۋالىرىدىن بولمىش بودلېر، ۋالېرى ۋە ماللارمې قاتارلىقلارنىڭ شېئرلىرى بىلەن ئاز-تولا تونۇشتى. شۇنى ئۇنتۇماسلىقىمىز كېرەككى، شېئردىكى سىمۋول بىزگە ھەرگىزمۇ ئالدى بىلەن غەربتىن كىرگىنى يوق، چۈنكى سىمۋوللۇق ئىپادىلەش ئۆزىنىڭ پەللىسىنى كلاسسىك شېئرىيىتىمىزدە ئالللىبۇرۇن يارىتىپ بولغان. ناۋائىينىڭ شېئرلىرى بۇ جەھەتتە ئۆلمەس ئابىدىدۇر. كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى سىمۋوللار تارىخىي تەرەققىيات داۋامىدا ئۆزىنىڭ

تۆۋەنلىكىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنالمايدىغانلىقىنىمۇ بىزگە ئاشكارا قىلدى. سوفىزم ئىدىيىسىنىڭ كۈچلۈك تەسىرىگە ئۇچراش داۋامىدا شېئىر ئىنسانىنىڭ چوڭقۇر دىنىي ھېسسىياتلىرىنى ئىپادىلەشتىكى بىر ۋاستىگە ئايلىنىپ قېلىش تەقدىرىگە دۇچار بولدى. بۇنى سىمۋولنىڭ تۈپكى ئالاھىدىلىكىدىن ئىزدەش مۇمكىن. سىمۋول ئادەتتە بەلگە سۈپىتىدىكى فۇنكسىيىگە ئىگە بولۇپ، ناھايىتى كەڭ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئۆزىدىن باشقا نەرسىنى كۆرسىتىدۇ، ئىشارىلەيدۇ ۋە بىلدۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، سىمۋوللىنىڭ شېئىردا مەۋجۇتلۇقى ۋە ئايان بولۇشى ئەنە شۇ كونتېكستتە بىۋاستە ئايان بولمىغان باشقا بىر شەيئىنى ئىپادىلەشتىكى ئەڭ كۆڭۈلدىكىدەك يولدۇر. سىمۋولنىڭ مانا مۇشۇ تۈپكى ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئىنسانىنىڭ خۇداغا بولغان چەكسىز ئىستىكى بىلەن خۇدانىڭ پانىيلىقتا مۇتلەق مەۋجۇت بولماسلىقىنى «كېلىشتۈرۈشتىكى» ياكى ئۇنىڭغا ۋاستىلىق «يېقىنلىششتىكى» ۋاستىدۇر. يەنى پانىي ئىنسان پانىيلىقتىن ئۆز چەكسىزلىكى بىلەن مۇتلەق ھالقىغان خۇداغا سەنئەتتە پەقەت سىمۋول بىلەنلا يېقىنلىشالايتتى. ئەلۋەتتە، روھنىڭ پاكلىنىپ ۋە پانىيلىقتىن ھالقىشنى ئىستىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان مۇرەككەپ ۋە قەدەم باسقۇچلۇق ھالقىملىقى (سوفىستىك شېئىرلاردا ئىپادە قىلىنغان ئىنسانىنىڭ خۇدا بىلەن قوشۇلۇشنى ئىستەش جەريانىدىكى ئۆزلۈكىنىڭ تەدرىجىي يوقاپ، خۇدانىڭ ساپ ۋە مۇتلەق مەۋجۇتلۇقىغا يېقىنلىشىش يۈزلىنىشى) ناھايىتى ئىنچىكىلىك بىلەن تاللانغان بىر يۈرۈش سىمۋوللارنى تەلەپ قىلاتتى. لېكىن، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ خىل ئەھۋالدا شېئىر تەبىئىي ھالدىلا بىر خىل مۇرەككەپ ئىبادەت شەكلىگىمۇ ئايلىنىپ كېتەتتى. ئىبادەت بىلەن شېئىر ئوتتۇرىسىدىكى ئىنچىكە

پەرققە سەل قارىلىش دەل شېئىرنىڭمۇ، شۇنداقلا شېئىردىكى سىمۋوللارنىڭمۇ ئىبادەتكە ئوخشاش تەكرارلىق ۋە قېلىپلىشىش ئالاھىدىلىكىنى ئېلىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىراتتى. يەنى شېئىردىكى سىمۋوللار شائىرلار تەرىپىدىن خۇدا بىلەن بولغان تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگۈسىز مۇناسىۋەت ۋە باشلىنىشنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋاستىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئىنتايىن ئېھتىياتچانلىق بىلەن تاللىناتتى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىك شېئىرلارنىڭ بەزىلىرى سىمۋوللارنىڭ زىيادە دەستىلىنىشى ۋە تەكرارلىنىشى سەۋەبىدىن ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنىڭ كونتروللۇقىدىكى ئېستېتىك خىزمەت بوپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شېئىرنىڭ مۇقەددەسلەشتۈرۈلۈشى ئېلىپ كەلگەن ئالاھىدە ئېستېتىك تەلەپ ئۇنى ئادەتتىنكىلىك ۋە پەسلىكتىن ھەر زامان ئايرىپ تۇردى. سىمۋوللارنى بارلىققا كەلتۈرگۈچى ئۆزگىچە تىل شېئىرنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازلىقلار تەرىپىدىن يېزىلىدىغان ۋە ھوزۇرلىنىدىغان ئېستېتىكىلىق قوبۇل قىلىنىش جەريانىنى بەرپا قىلغاچقا، شېئىر ئاۋامنىڭ تۇرمۇشىدىن ھالقىغان تەرىزدە قارالدى. چۈنكى شېئىر يېزىشتىكى مەيلى ئاڭلىق ياكى ئاڭسىز نىيەت بىر خىل مۇقەددەسلىك ھەققىدىكى ئەڭ چىن ۋە بىۋاستە تەجرىبە دەپ قارالغاچقا، شېئىرنىڭ ئاۋام تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ياكى قىلىنماسلىقى ئۇنىڭ ئېستېتىك قىممىتىدە مۇناسىۋەتسىز ئامىل دەپ قارالدى.

ئەمدى يېڭىچە شېئىرىيەت ئېقىمىغا قايتايلى. كىشىلەر كۆپ ھاللاردا بۇ ئېقىم بىلەن كلاسسىك شېئىرىيەت ئېقىمى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى قارىمۇ قارشى ئورۇنغا قويۇپ تۇرۇپ چۈشىنىدۇ. يەنى ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە يېڭىچە شېئىرىيەت ئېقىمى كلاسسىك شېئىرىيەت ئېقىمىنى ئىنكار قىلىش بىلەن

ئۆز ئاۋانگارتلىقنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. لېكىن، مېنىڭ قارىشىمچە بۇ ئىككى شېئىرىيەت پائالىيتى كۆپ ھاللاردا مۇنداق يوشۇرۇن ھەم ئىچكى ئورتاقلىققا ئىگە: شېئىرىي سىمۋوللارغا بېرىلىش. يېڭىچە شېئىرىيەت دەرۋەقە شېئىرىيەتنىكى سىمۋوللۇق ئىماگلار جەھەتتە كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى بەزى چەكلىمىلىكلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ئۇلارنىڭ ئەركىن مۇناسىۋەتلىشىش مۇمكىنچىلىكىنى كېڭەيتىش ۋە ئۆزگىچە مەنە قاتلىمى ھاسىل قىلىشقا ئالاھىدە ئېتىۋار بىلەن قارىدى. لېكىن، نېگىزلىك مەسىلە شۇ بولدىكى، ئەگەر كلاسسىك شېئىرىيەتتە شېئىرىي ئىماگلارنىڭ سىمۋوللۇق قاتلىمى ئالاھىدە كونترول قىلىنسا، يېڭىچە شېئىرلاردا ئىماگلارنىڭ ھەددىدىن زىيادە ئۆزگىرىشچان قوللىنىلىشى ئۇلارنى شائىرنىڭ كونتروللۇقىدىن ئاجرىتىپ تاشلىدى. ئالدىنقىسىدا شېئىرنىڭ يوشۇرۇن قاتلىمى سىمۋوللۇق ئىماگلارنىڭ چەكلىك دائىرىدىكى چەكسىزلىككە ئىنتىلىشى بىلەن مول‌لۇققا ئېرىشسە، كېيىنكىسىدە ئىماگلارنىڭ چەكلىمىسىز ئىپادىلىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا قالغان تىلنىڭ شائىرنىڭ كونتروللۇقىدىن چىقىپ كېتىشىدەك ئەھۋال كېلىپ چىقتى. ئالدىنقىسىدا شائىر شېئىرىي مەنىنىڭ ئەڭ تېرەنلىرىدە ئۆز شەخسىيتىنى يوقىتىپ خۇدا بىلەن بىرلىشىش ئىستىكىنى ئاڭسىز ئىپادىلىسە، كېيىنكىسىدە شائىر ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان تىلنىڭ ئىچىدە ئۆن تىنىسىز غايىپ بولدى.

يۇقىرىقى نۇقتىدىن قارىغاندا شۇنداق دېيىش مۇمكىنكى، يېڭىچە شېئىرىيەتنىڭ شېئىرىيىتىمىزگە ئېلىپ كەلگىنى پەقەت كلاسسىك شېئىرىيىتىمىزدىكى سىمۋولغا بولغان ئالاھىدە سەزگۈرچانلىقنى يېڭىۋاشتىن تەكىتلەش بولدى. ئۇلار غەرب سىمۋولىزم شېئىرىيىتى تەكىتلىگەن ۋە ئۆزىدە

ئەكس ئەتتۈرگەن ناھايىتى كەڭرى ۋە چوڭقۇر شېئىرىيەت ئەنئەنىسىگە سەل قارىدى ياكى بۇ ھەقتە ئويلاپ قويمىدى. بۇ شېئىرىيەت پائالىيىتىگە قاتناشقانلارنىڭ غەرب ئەدەبىياتى بىلەن ئىنتايىن تار دائىرىدە ئۇچرىششى ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ شېئىرلىرىنى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەتتىن ئۈزۈل-كېسىل ۋاز كېچىپ يېڭىلىق ياراتقانلىقتەك تۇيغۇدا بولۇشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىدى. ئۇلار تېگى تەكتىدىن ئالغاندا ئوتتۇرىلىقتا تېڭىرقاپ قالغۇچىلار ئىدى: ئۇلار ئاۋانگارتچىلارنىڭ رولىنى ئېلىشقا ئۇرۇنۇش سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شېئىرىيەت «تىلىنى» ئۇنتۇپ قالغۇچىلار بىلەن چەتئەلنىڭ شېئىرىيىتىنىڭ «تىلىنى» ھەقىقىي چۈشەنمىگۈچىلەرنىڭ غەلىتە قوشۇلمىسى ئىدى. يەنە بىر قاتلامدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىنىڭ غەرب ئەدەبىياتى قوللايدىغان تىللارنىڭ ھېچقايسىسىنى بىلمەسلىكى ئۇلارنىڭ ئۇشبۇ ئەدەبىيات بىلەن ئەڭ تەگ قاتلاملىرىغىچە تونۇشۇش ئىمكانىيىتىنى ئۇلار سېزەلمىگەن دەرىجىدە مەھرۇم قالدۇردى؛ شۇڭلاشقىدەك ئۇلاردا ناۋايى شېئىرلىرىدىنمۇ ئەڭ ئىنچىكە تىل پاساھىتىگىچە ھۇزۇرلانغۇدەك ئېستېتىك قابىلىيەت تېخى ھازىرلانمىغانىدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىلىقتا تۇرۇپ قالغان ئاشۇ ھالىتىدە پەقەت ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى تۆپتىن يېڭىلاشتىن ئىبارەت تۇتۇق بىر غايىلا بار ئىدى، خالاس. لېكىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇيغۇر يېڭىچە شېئىرىيەت ھەرىكىتىنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسىنى، يەنى بۇ شېئىرىيەتنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى بىلمەيتتى. شۇ سەۋەب ئۇلارنىڭ ئۆز تەنقىدچىلىرىگە بېرەلەيدىغان بىردىنبىر جاۋابى بەكمۇ ئاددىي بولدى: «شېئىردىكى مەنە ئوچۇق-ئاشكارا ئىپادىلەنگىنىدىن يوشۇرۇنراق ئىپادىلەنگىنى ئەۋزەل.» ئەنە شۇ يوشۇرۇنلۇققا ئىنتىلىش ئۇلارنىڭ (يوشۇرۇن) ئېڭىدا شېئىردىكى

مەۋھۇملۇققا بولغان چەكلىمىسىز قوغلىشىش خاھىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانىدى. شېئىرلىرىنى قەستەن سىرلىقلاشتۇرۇش ۋە مەۋھۇملاشتۇرۇشقا بېرىلىش يەنە بىر جەھەتتىن دەل ئۇلارنىڭ يېڭىلىق يارىتىش غايىسىنىڭ باشقىلار ئالدىغا كۆتۈرۈپ چىقىشتىكى ئىسپاتىمۇ بولالايتتى. دېمەك ئۇلار يۇقىرىقى بىر قاتار رومانتىك ۋە تەرتىپسىز ئۇرۇنۇشلىرى داۋامىدا ئۆز مەغلۇبىيىتىنى ئاشكارىلىدى. بۇ مەغلۇبىيەتنىڭ ئىچكى سەۋەبلىرىنىڭ بىرى دەل ئۇلارنىڭ غەرب شېئىرىيىتىنى شۇنداقلا ئۆزىنىڭ شېئىرىيەت ئەنئەنىسىنى تولىمۇ يۈزە چۈشەنگەنلىكى، بولۇپمۇ دىققىتىنى پەقەت بىر قانچىلا شائىرغا ھەم شېئىرىيەت ھەرىكىتىگە مەركەزلەشتۈرۈپ قويغانلىقىدا ئىدى (ئەلۋەتتە بۇنىڭ يەنە كۆپ خىل سەۋەبلىرى بار. لېكىن ئۇلار ھەققىدە جاۋابىمىنىڭ غول مەزمۇنىنى ساقلاپ قېلىش سەۋەبلىك توختالمايمەن).

ئۇيغۇر پروزىسىنىڭ غەرب ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشى شېئىرىيەتنىڭكىگە قارىغاندا خېلىلا ئۇتۇقلۇق بولدى. بۇنىڭ ئوبدان مىسالى ئاكا-ئۇكا ئەركىنجان ئەمەت ۋە ئەسئەت ئەمەتلەردۇر. يەنە مەن بىلىدىغانلاردىن پەرھات تۇرسۇنمۇ غەرب پەلسەپىسى، سەنئەت تارىخى ۋە پسىخىك ئانالىزى بىلەن خېلى چوڭقۇر تونۇشلۇقى بار ئىدى. يۇقىرىدىكى يازغۇچىلار غەرب ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر ئەدەبىياتچىلىرىدا ئۆز دەۋرىدە كەم ئۇچرايدىغان ئەستايىدىللىق ۋە ئىنچىكىلىك روھىدا تونۇشۇپلا قالماي، يەنە غەربنىڭ ئىلغار ئىپادىلەش ئۇسۇللىرىنى ئۆز ئىجادىيىتىدە ئىپادىلىگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ كلاسسىك ئەدەبىيات نەمۇنىلىرىغا، مەسىلەن چۆچەكلىرى ۋە ھېكايىلىرىغا، سەل قارىمىغانىدى. مەرھۇم ئەركىنجان ئەمەت بىلەن كۆپ قېتىم سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا

ئۇنىڭ غەرب ئەدەبىياتى بىلەن ئىنتايىن پىششىق تونۇشۇپلا قالماستىن، يەنە ئۇنىڭ ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىدىغانلىقىنى بايقىغاندىم. ئۇنىڭ ھېكايىلىرىدە كافكاچە كەيپىيات، بەدىئىي ئىپادىلەشتە فلوبېرچە ئاددىيلىق ۋە يەكگىللىك، ھاياتنىكى بىمەنىلىككە بولغان ئالبېرخ كەمىۋچە چوڭقۇر سېزىم، خەلقىمىزنىڭ ئىنتايىن باي ھەزىل كۈلتۈرى ۋە زۇنۇن قادىرىچە تىل ئىشلىتىش ئۇنىڭ «مازار چاشقىنى»، «ئۇ خەلقلەر»، «باقىنىڭ كۆنلىرى» ۋە «قۇيۇن دۆلك» قاتارلىق بىر-بىرىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەنىدى. يەنە شۇ ئامىللار ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى ئېستېتىك قوبۇل قىلىش سەۋىيىسىدىن خېلىلا ھالقىتىۋەتكەنىدى. بۇ ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ غەربنىڭ ئەدەبىيات كۈلتۈرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگەنگەنلىكىنىلا ياكى ئۇنىڭ غەربنىڭ بەدىئىي ئىپادىلەش ئۇسۇللىرى بىلەن رېئاللىقىمىزنى يازغانلىقىنى كۆرسەتمەستىن، بەلكى ئۇنىڭ ئالدى بىلەن ئۆزى يازماقچى بولغىنىنى قانداق قىلغاندا ئەڭ ئۇتۇقلۇق يازغىلى بولىدىغانلىقى ئېلىپ كەلگەن، سەنئەتنىڭ ئىچكى تەلپىنى چۈشەنگەنلىكىدىن ئىدى. يازغۇچى ئۆزىنىڭ ئەسىرىنىڭ ئىچكى تەلپىنى چۈشەنگەندە، ئۆزىنىڭ ئۆزى يېزىشقا قۇربى يەتمەيدىغانىنى يېزىشقا قالغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ. ئۆزىنى ئەسەرنىڭ ئىچ-ئىچىدىن كېلىدىغان تەلەپنىڭ ئىسكەنجىسىدە كۆرىدۇ. دەل ئەنە ئاشۇ تەلەپ، ئورۇندىماق ئىنتايىن قىيىن بولغان تەلەپ، پەقەت يازغۇچىلا مەسئۇل بولۇشقا قالغان تەلەپ ئەنە شۇ يازغۇچى تەرەپىدىن ئادا بولۇنۇشنى ئىستەيدۇ. بىز نۇرغۇن يازغۇچىلارنىڭ مانا مۇشۇ تەلەپنى ئورۇندىماي ياكى چالا ئورۇنداپلا بولدى قىلغانلىقىنى بايقايمىز. چۈنكى ئۇلار ئەسەر تەلەپ قىلغان ئاشۇ تىرەنلىككە كىرىشتىن ياكى قورقىدۇ ياكى

ئۇنىڭغا يۈزلىنەلمەيدۇ ۋە ياكى ئۇنىڭغا پۈتۈنلەي قۇربى يەتمەيدۇ. ئۇنىڭغا ئىچكىرىلەش ۋە مەركىزىگە يېتىشكە ئۇرۇنۇش ھەقىقىي يازغۇچى ئۈچۈن يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇشتۇر. لېكىن بۇ تۇغۇلۇش مىڭ ئۆلۈپ مىڭ تىرىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەركىنجان ئەمەت دەل مانا ئەسەرنىڭ مانا مۇشۇ تەلپىنى ئەڭ چۈشەنگۈچىدۇر. ئۇنىڭ يېزىقچىلىقى ئەسەرنىڭ ئەسلىلىك سۈپىتىدىكى مەركىزىگە يېقىنلىششتۇر.

ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىجادىيىتىدىن بىزنىڭ كۆرىدىغىنىمىز بىر يازغۇچىنىڭ غەرب ئەدەبىياتىنى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا ئاددىي ھالدىلا تەدبىقلىشى ئەمەس مەن بۇ نۇقتىنى قايتا-قايتا تەكىتلىمەكچى. چۈنكى بىرى بەزى ياشلىرىمىز ئۆزىنىڭ ئىجادىيىتىگە مانا مۇشۇ خاتا ئىدىيىنى نىشان قىلىۋالغاچقا تۇيۇق يولغا كىرىپ قېلىپ يا غەربنىڭكىگە يا ئۇيغۇرنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان سۈنئىي ئەسەرلەرنى يېزىپ يۈرىۋاتىدۇ، ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى بىلمەيۋاتىدۇ؛ يەنە بىرى دەل مۇشۇ سەۋەب تۈپەيلى بەزىلەر ئاددىيلا ھالدا غەرب ئەدەبىياتىدىكى ئۆزگىچە ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى، بايانچىلىق ئادىتىنى ۋە بەزى ئەدەبىيات-سەنئەت قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىشنى ئۇيغۇر مەدەبىياتىنى شالغۇتلاشتۇرۇۋېتىش دەپ چۈشىنىۋېلىپ، ئۇنىڭغا چىش تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇۋاتىدۇ. ئەركىنجان ئەمەت ئۆز ھېكايە ئىجادىيىتىدە، مېنىڭ قارىشىمچە، ئالدى بىلەن ئەدەبىياتنىڭ ئادەمنى قانداق يېزىشتىن ئىبارەت ئەڭ ماھىيەتلىك پائالىيىتىگە ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ئىنچىل بېرىپ كەلگەچكە، ئۇنىڭ مانا مۇمكىنچىلىكىنى مىللىيلىك بىلەن دۇنياۋىلىقنىڭ، يەرلىك كۇلتۇر بىلەن ئىنسانىيەتنىڭ روھىي مەدەنىيىتىنىڭ، يەككىلىك بىلەن ئىنسانىيلىقنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلىدى ۋە ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇنىڭ بىر

ئۆمۈرلۈك ئىجادىيەت ھاياتىدا ئۆزگە مىزان قىلغىنى نېمىنى يېزىش ئەمەس بەلكى نېمىنى قانداق يېزىش بولدى. يەنى ئۇ ئۆزىنى، ئۆزى كۆزىتىۋاتقان ۋە ئارىلىشىۋاتقان تىرىك ئادەمنى ئىپادىلەشنىڭ ئەڭ سىپتا، ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى ھەققىدە ئەڭ كەڭ مۇمكىنچىلىكتە ئىزدەنگەچكە، ئىنسانىيەتنىڭ ئىپادىلەش سەنئىتىدىكى بارلىق ئەۋزەللىكلىرىنى، مەيلى ئۇ غەربنىڭ ياكى شەرقنىڭ بولسۇن، ئۆگىنىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلىپ تۇردى. ئۆزىنىڭ مىللىيلىكىدىن ھالقىپ ئىنسانىيەتنىڭ ئورتاق ئازاب ئوقۇبەتلىرى، ئارزۇ-ئۈمىدلىرى ۋە ھېس تۇيغۇلىرىنى سېزەلمىگەن يازغۇچى دۇنياغا يۈزلىنەلمەيلا قالماستىن، ئەڭ مۇھىمى ۋە ئەڭ ئېچىنىشلىقى ئۆزىگىمۇ يۈزلىنەلمەيدۇ. ئۆزىدىن ھالقىپ ئىنسانىيلىق بىلەن، دۇنياۋى ئەدەبىيات بىلەن ئۇچرىشالىغان يازغۇچىلا ئۆزى بىلەن، ئۆزىنىڭ ۋە خەلقىنىڭ روھىيىتى بىلەن ئۇچرىشالايدۇ. (مانا مۇشۇ پەللىگە يېتەلىگەن يازغۇچىلا ئۆز پېرسوناژلىرىنى ئۇيغۇرچە كىيىندۈرۈش، ناخشا ئېيتقۇزۇش ياكى مىللەت ھەققىدە بىر نەچچە جۈملە دەبدەبىلىك سۆزنى سۆزلىتىش ئارقىلىقلا ۋە ياكى ئۇلارغا ئاغزىغا قۇرئان كەرىمدىن ئېلىنغان ۋە ئۆزىمۇ چۈشەنمەيدىغان بىر نەچچە سۈرىنى يادلىتىپلا مىللەتنىڭ روھىنى ياراتتىم دېيىشتىن نومۇس قىلىدىغان بولىدۇ. ياكى بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ھازىر يامراپ كەتكەن بۇنداق پۈرسەتپەرەسلىك، كاززاپلىق ۋە سەنئەتكە بولغان ئاسىيلىقتىن ئۆزىنى نېرى تۇتىدۇ.) ئەركىنجان ئەمەتنىڭ «قۇيۇن دۆڭ» دېگەن ھېكايىسىدە بىر مىللەتنىڭ روھىي ھالىتى باش قەھرىمانىنىڭ خۇددى ۋەھىمىگە تولغان سەرسانلىقىدا، لەيلەپ يۈرۈشىدە ئېچىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭ پېتراپ كەتكەن ئالامان ئىچىدە، پاراكەندىچىلىك ۋە ئارامسىزلىق ئىچىدە يۈرۈشى ئۇنىڭ

مەۋجۇتلۇقىنىڭ كىرىزىسكە تولغان ھالىتىنى كۆز ئالدىمىزدا نامايەن قىلىدۇ. بىز بۇ ھېكايىدىن ئەركىنجان ئەمەت قوبۇل قىلغان غەربنىڭ بىزگە ئاجايىپ-غارايىپ بىلىنىدىغان ۋە چۈشىنىكسىز رېئاللىقنى شۇنچە قىلىپمۇ تاپالمايمىز. بەلكى تاپىدىغىنىمىز ئۆزىمىزنىڭ يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتتە ئىپادە قىلىنغان ھەقىقىي رېئاللىقىمىزدۇر ياكى بىر ئىنساننىڭ بۇ دۇنيادىكى تۈپكى رېئاللىقىدۇر.

غەربنىڭ ئىدىيىسى، ئەدەبىيات-سەنئىتى ۋە پەلسەپىسىنى خەلقىمىزنىڭ ياتقۇرماسلىقىدىكى يەنە بىر سەۋەب بىزنىڭ بەزى «يۇزلۇك» زىيالىيلىرىمىزدىكى روھىي بۆلۈنۈش پسىخكىسىدۇر. مانا مۇشۇ بىر تۈركۈم زىيالىيلار بۇ كۇلتۇرنى قارىغويۇق ئەيىبلەش ئارقىلىق خەلقتە بۇ كۇلتۇرغا نىسبەتەن ئۆچ كۆرۈش پسىخكىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېتىشتۇردى. مەسخىرىلىك يېرى شۇكى، بۇ زىيالىيلار غەرب كۇلتۇرىغا قارشى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بىر چىرىك ئىدىيە ئىكەنلىكىنى كۈچەپ تەرغىپ قىلىدۇ-يۇ، ئۆزلىرى ئاستىرتتىن غەربلىكلەرنىڭ كىتابلىرىدىن نېرى بولالمايۋاتىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يازغان ئەسەرلىرىدە غەربلىكلەرنىڭ ئەسەرلىرىدىن مەيلى ئۆزى چۈشەنسۇن ياكى چۈشەنمىسۇن نەقىل ئېلىپ ئۆزىنى بىلىملىك كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ-يۇ، باشقا بىرى غەربنىڭ گېپىنى قىلىپ قالسا شۇ ھامان ئۇنىڭغا «غەربنىڭكىگە چوقۇنىدىغان مۇناپىق» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرىدۇ. نەتىجىدە، بۇلارغا ئىشىنىپ كەلگەن خەلق بۇلار تىللاۋاتقان كۇلتۇرغا ۋە ئادەمگە تەبىئىي ھالدىلا ئىشەنمەيدىغان بولىدۇ ۋە ھەتتا ئۇلارغا ئۆچ بولىدۇ. تېخىمۇ ئېچىنىشلىقى، كىتابخانىلار مانا مۇشۇ بىر تۈركۈم سەممىيەتسىز ۋە ئىككى يۈزلىمچى زىيالىيلىرىمىز سەۋەبىدىن غەربنىڭ ئەدەبىياتى ۋە

پەلسەپىسى توغرىسىدا تا ھازىرغىچە توغرا بىلىشتىن مەھرۇم بولىۋاتىدۇ ئۇلار غەربنىڭكىنى ئۆزلىرى بىۋاستە چۈشىنىپ بېقىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قېلىۋاتىدۇ.

بۇ زىيالىيلارنىڭ غەربنىڭ ئىدىيىسىنى، ئەدەبىياتىنى ۋە پەلسەپىسىنى قارىقويۇق ئىنكار قىلىشى ھەرگىز بۇ زىيالىيلارنىڭ ئۇلارنى ئۇزاق يىل تەتقىق قىلىپ چىقارغان يەكۈنى ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى چۈشەنمىگەندىن كېيىنكى ئۈمىدسىزلىنىشنىڭ ئاقىۋىتىدۇر. ئادەم ئۆزى بىلمىگەن، پەرەز قىلالمىغان ئوبيېكتتىن ۋەھىمە ھېس قىلىدۇ. بىلمەسلىك، سىرلىقلىق ۋە ئېنىقسىزلىق ئادەمدە ئىزتىراپلىققا تولغان پسىخىك ئىنكاسنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ۋەھىمىنى يېڭىشنىڭ بىردىنبىر ئۇسۇلى دەل ۋەھىمىنىڭ ئوبيېكتى بولغان نەرسىدىن ياكى ئۆزىنى ئېلىپ قېچىش ياكى ئۇنى كۆچەپ ئىنكار قىلىشتۇر. بۇ زىيالىيلارنىڭ غەرب ئىدىيە كۈلتۈرىغا قايتۇرغان ئىنكاسى دەل ئۈزۈل-كېسىل ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئېنىقسىزلىقى ئۆزلىرىگە ئېلىپ كەلگەن پسىخىك بېسىمنى تۆۋەنلىتىشتۇر. ئۆزلىرىنىڭ غەربنىڭ ئىدىيىسىنى چۈشەنمىگەنلىكىنى ئۇنى ئىنكار قىلىش ئارقىلىق ئىنكار قىلىشقا ئۇرۇنۇشتۇر.

مېنى ئىلگىرى بۇ زىيالىيلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر سىگمۇند فرېئۇدنىڭ تەسىرىگە قاتتىق ئۇچراپ كەتكەن «فرېئۇدچى» دەپ قارايتتى. باشتا مەن ئۇلارنى ئېھتىمال غەربتىكى باشقا بىر تۈركۈم زىيالىيلارغا ئوخشاش فرېئۇدنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسە كېرەك دەپ ئاددىيلا قارىغانىدىم. شۇڭا ئۇلار فرېئۇدنى ياقتۇرۇپ كەتمىگەچكە مېنىڭ بەزى پىكىرلىرىمنىمۇ ئۇنىڭغا باغلىۋېلىپ ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىسە كېرەك دەپ چۈشەنگەنىدىم. كېيىن،

ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بەزىلەر بىلەن روھ ئانالىز ئىلمى ھەققىدە سۆزلىشىپ قېلىپ ئۇلارنىڭ فىرېئۇدنى خاتا چۈشىنىۋالغانلىقىنى ۋە ھەتتا ئۇ توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ قېلىپ ھەم ھەيران قالغان ھەم چۆچۈگەنىدىم. ئۇلارنىڭ بىر ئىلىمگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئۇلارنىڭ شۇ ئىلىمنى چۈشىنىشى بىلەن بەلگىلىنەتتى. ئەگەر ئۇلار چۈشەنمىگۈدەك ئىلىم بولسا، ئۇلار ئۇنى تۈپتىن ئىنكار قىلاتتى ۋە تېخىمۇ يامىنى ئاشۇ ئىلىمنى بىلگۈچىلەرگە خىلمۇ خىل ئۇسۇلدا زەربە بېرەتتى. مانا مۇشۇ زىيالىيلارنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە 20-ئەسىر غەرب ئىدىيە تارىخىدىكى ئەڭ كۆزگە كۆرۈنەرلىك ئىلمىي مۇۋەپپەقىيەت بولغان ۋە غەرب ئەدەبىياتى ھەم پەلسەپىسىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن روھىي ئانالىز ئىلمى مەدەنىيەتلىك دۇنيانىڭ ھېچقانداق يېرىدە ئەمەس، پەقەت بىزدىلا تا ھازىرغىچە چەكلىنىپ كېلىنىۋاتىدۇ. ھەتتا بۇ ئىلىم تەنقىدلەش يۈزىسىدىن بولسىمۇ تونۇشتۇرۇلمايۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا بىزنىڭ غەربنىڭ بۇ ئىلمىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان يازغۇچىلىرىنى ۋە پەيلاسوپلىرىنى چۈشىنىشىمىز تولۇق ۋە توغرا بولماي كېلىۋاتىدۇ.

بۇ بىزنىڭ زىيالىيلىرىمىزنىڭ غەرب كۇلتۇرىغا بولغان زىددىيەتلىك ھەم ئارىسالدىلىقتا تولغان روھىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ: غەربنىڭكىنى تېگىدىن چۈشەنمەسلىك ۋە ئۆزىنىڭكىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ تولۇق بىلمەسلىك ۋە ياكى ئۆزىنىڭكىنى غەربنىڭكىگە پۈتۈنلەي قارىمۇ قارشى ھەم شۇنداق بولۇشى كېرەك دەپ ئاددىيلا چۈشىنىۋېلىش. مەن ئالدىنقى سوئالغا بەرگەن جاۋابىمدا بۇ خىل ھالەتنى «ئوتتۇرىدا تۇرۇپ قېلىش» دەپ تەبىرلىگەنىدىم. ئەمىسە نېمە قىلىش كېرەك؟ غەربنىڭكىنىلا قارىغۇيۇق ئۆرنەك قىلىش كېرەكمۇ؟

مەن ھەرگىزمۇ غەربنىڭكىنى دوراش كېرەك دەپ قارىمايمەن بۇ ھەم بىر رېئال بولمىغان ھەم خاتا قاراشتۇر. لېكىن بىزگە كېرەكى ئالدى بىلەن غەربنىڭكىنى ئوقۇش، ئۇنى تېگىدىن چۈشىنىپ بېقىش. غەرب بىر پۈتۈن كۈلتۈرلۇق مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ئېسىل ئۇتۇقلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەنگەن بىر غايەت زور ئىدىيە توپىدۇر. ئىنسانلار توپىنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن بىزنىڭ ئۇلار بىلەن ئورتاق دىئالوگ قۇرالايدىغان تەرەپلىرىمىز كۆپ، چۈنكى بىز ياشاۋاتقان، سوئاللاۋاتقان ۋە تەجرىبىمىزدىن ئۆتكۈزىۋاتقان ئىنسان مەۋجۇتلۇقى ۋە ئۇنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىزدىنىش بىزنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە پەلسەپىۋى نۇقتىدىن ئالغاندا ، يەنى خېگېلنىڭ تەلىماتىغا كۆرە، ئۆزىنى چۈشىنىش ئۈچۈن ئۆزىنى ئۆزگە ئارقىلىق چۈشىنىش كېرەكتۇر. غەربنىڭ ئىدىيىسى مېنىڭ نەزىرىمدە ۋە مېنىڭ ئەمەلىيىتىمدە ئۆزۈمنى يېڭىۋاشتىن بايقاشنىڭ يولى بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا قايتىدىغىنىم ئۆزگە ئارقىلىق ئارتقۇرۇلغان ھەم تېخىمۇ ئېنىقلاشقان ئۆزلۈك ئېڭىغا ئېرىشىشتۇر (ئۆزۈمنى ئۆزگە ئارقىلىق بىلىشكە ئېرىشكەنلىكىمنى ئاڭقىرىشىمنى ئاڭقارغانلىقىمدۇر). مانا مۇشۇ ئۆزلۈك ئېڭىلا مېنىڭ كىملىك ئېڭىمنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ.

دۇنيا ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشنىڭ يەنە بىر يولى تەرجىمىدۇر. لېكىن بىز قانچىلىك مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلدۇق؟ ئېتىراپ قىلىش كېرەككى، ئۇيغۇرلار دوستويېۋسكىنىڭ. فلوبېرنىڭ، شولوخوفنىڭ، گيوتېنىڭ، سېرۋانتېسنىڭ، پازنىڭ ۋە لاۋرېنسنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن

تونۇشتى. شۇنداقتىمۇ بۇ پەقەتلا بىر باشلىنىش خالاس، بىز تېخى تەرجىمە قىلمىغان مەشھۇر ئەسەرلەر تولۇپ يېتىپتۇ. بۇگۈنكى دەۋر ئەدەبىياتىمىز بارغانسېرى شۆكلىشىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەدەبىياتىمىز تۇرغۇنلۇقتا چۆشۈپ قالدى. ئەدەبىيات پەسكۇيغا چۆشكەندە، كرىزىسكە پاتقاندا بۇلارنى پەقەت چەتئەللىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىش يولى پەسەيتىش ۋە شۇنىڭدىن يېڭى يول ئىزدەش مۇمكىن. ئەسلىدە «دۇنيا ئەدەبىياتى» غەربنىڭ ئېسىل دۇردانىلىرىنى كىتابخانلىرىمىزغا تەقدىم قىلىشتىكى ئاۋانگارت كۆزنەك بولۇشى كېرەك ئىدى. لېكىن مېنىڭ بىلىشىمچە 80 -يىللانىڭ باشلىرىدىن تارتىپ تاكى 2000-يىلغىچە بىز ناھايىتى ئاز ساندىكى، پەقەت بارماق بىلەنلا سانىغىلى بولىدىغان مەشھۇر ئەسەرلەرنى كۆردۇق. مودېرنىزم ئەدەبىياتىنى تونۇشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ئىدېئال سورۇن بولۇش كېرەك بولغان بۇ ژۇرنال بۇ ئېقىمغا باشتىن ئاخىر سۇس مۇئامىلە قىلىپ كەلدى. نېمىشقا؟ ئۇلار بۇ ئېقىمنى ئۆزلىرى چۈشەنمىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يەر بەرمىدىمۇ؟ ياكى ژۇرنال مۇھەررىرلىرىنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشىنىڭ تەبىئىي تاللىشى ئۇلارنى مەشھۇر ئەسەرلەرنى تونۇشتۇرۇشتا توسقۇنلۇق قىلدىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن بۇ ژۇرنالدا غەرب ئەدەبىيات نەزەرىيىلىرى باش ئاخىرى چىقماس ۋە ئاددىي مۇھەببەت ھېكايىلىرىچىلىك ئېتىبارغا ئېرىشمىدى؟ نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ باشقا نۇرغۇن ساھەلىرىمىزگە ئوخشاش، بۇ ژۇرنالدىمۇ پەقەت بىر ئىككىلا ئادەمنىڭ ئىلمىنىڭ تارقىلىشىنى كونترول قىلىۋېلىشى بىلەن بىر مىللەتنىڭ كىتابخانلىرى غەربنىڭ ئەڭ نادىر تەرجىمە ئەسەرلىرى بىلەن قەرەللىك ۋە سىستېمىلىق تونۇشۇشتىن مەھرۇم قالىدۇ؟ مېنىڭ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ھەققىدە

ئىزدەنگىم يوق. مېنىڭ قىرىقىدىغىنىم مۇنۇ سوئال: ئەدەبىي تەرجىمىچىلىكىمىزدە ئەمدى نېمە قىلىش كېرەك؟ بۇ ساھەدە بىز زادى قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

تېمغا قايتاي: ئەدەبىياتىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈش ئۈچۈن قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن دۇنيا ئەدەبىياتىنىڭ بولۇپمۇ غەرب ئەدەبىياتىنىڭ بىزگە تونۇشتۇرۇلۇشىدىكى تۆرلۈك توسالغۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتۈم. ئەمدىكى مەسىلە ئەدەبىياتىمىزنى قانداق قىلغاندا دۇنياۋى سەۋىيىگە يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ دېگەن مەسىلىدىن ئىبارەتتۇر. مېنىڭچە، يازغۇچىلىرىمىزنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ يېڭىلىنىشى بۇنىڭدىكى ئاچقۇچتۇر. سەنئەتكارلىرىمىزنىڭ بىلىمگە سەل قارىشى ئەسەرلىرىمىزنىڭ زىيادە ئاددىيلىقى، تەكرارلىقتىن خالىي بولالماسلىقى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىكى كونىلىق قاتارلىقلارنىڭ تۈپكى سەۋەبىدۇر. غەربنىڭ داڭلىق يازغۇچىلىرىنىڭ ھەممىسى سەنئەت جەھەتتە خېلىلا چوڭقۇر تەربىيە كۆرگەنلەردۇر. ئۇلار پەلسەپە، پسىخولوگىيە ۋە ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ۋە سەنئەت تارىخى قاتارلىقلاردا ئوبدان بىلىم ئالغان. شۇنداقلا ئۇلار كۆپ ھاللاردا يەنە ئۆز مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئەدەبىيات مىراسلىرى بىلەنمۇ ئوبدان تونۇشلۇق. مەسىلەن، 2005-يىللىق نوبېل ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشىش مۇمكىنچىلىكى ئەڭ كۈچلۈك نامزات، تۈرك دۇنياسى ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ھايات يازغۇچىسى ئورخان پامۇك ( Orhan Pamuk بىر قېتىملىق زىيارەتتە ئىجادىيىتىنىڭ سىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەسەرلىرىدە فرانسىيە پەيلاسوپى دېكارت بىلەن سارتىنىڭ، ئەنگلىيە يازغۇچىسى ۋېرگىنىيە ۋولف بىلەن ئامېرىكا يازغۇچىسى ۋىليام فولكنېرنىڭ ئىدىيىلىرى ۋە يېزىش

ئۇسۇللىرى بىلەن تۈركلەرنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى بايانچىلىق ئادىتىنى زىچ بىرلەشتۈرگەنلىكىنى ئېيتقان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى بىزگە بىزنىڭ ئەدەبىياتىمىزنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ھەققىدە مەلۇم بېشارەتلەرنى بېرەلەيدۇ. تۈركىيىلىك بولۇش سۈپىتىدە ئۇ غەرب مەدەنىيتى بىلەن ئىنتايىن مۇرەككەپ مۇناسىۋەت ھالىتىدە: ئۇ يوقالغان ئىمپېرىيىنىڭ بىر ۋاقىتلاردا ئاجايىپ گۈللەنگەن شەھىرى بولمىش ئىستانبۇلدا غەرىپپەرەس كامالىزىمچىلار بىلەن ئىسلامچىلارنىڭ توقۇنۇشىنى، بىر بىرىگە نەپرىتىنى ۋە ئۆز ئارا ئىشەنمەسلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلغۇچىدۇر؛ ئۇ تۈرك ئەنئەنىسى بىلەن غەرب ئىدىيىسىنى يۇغۇرۇپ، تۈرك روھىيىتىنى يازغان يازغۇچىدۇر؛ ئۇ تۈركىيىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا كىرىشكە سىڭىپ كەتكەن ئىنتايىن تىرەن كىملىك دېلىغۇللۇقىنى ئەڭ روشەن سەزگۈچىدۇر: ياۋروپالىق تۈرك ياكى ياۋروپادىكى تۈرك؟ ئۇ بىر بەھسلىك يازغۇچىدۇر. بەزىلەر ئۇنى تۈرك روھىيىتىنىڭ بايقىغۇچىسى دېسە، بەزىلەر ئۇنىڭ تۈركىيىنىڭ بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئەرمەنلەرگە قارىتا ئېلىپ بارغان ئىرقىي يوقىتىشىغا قارشى ئېلىپ بارغان تەنقىدىگە قاراپ ئۇنى «مۇناپىق» دەپ تىللايدۇ. مېنىڭ بۇ يازغۇچى ئارقىلىق تەكىتلىمەكچى بولغىنىم غەرب بىلەن شەرق ئوتتۇرىسىدا قاپسىلىپ قالغان بىر يازغۇچى ئىگە بولغان مۇمكىنچىلىكلەردۇر: ئۇ غەربنىڭكىنى ئۆگەندى، لېكىن ئۇنىڭ يازغىنى تۈركلەر كۆپ ھاللارغا يۈزلىنىشنى خالىمايدىغان، ئۆزىدىن يوشۇرۇپ كەلگەن مەسىلىلەردۇر. ئۆزگە بىلەن ئۇچرىشىش بەزىدە بىزنى ئىزتىراپقا سالىدۇ، بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزگىنىڭ ياتۋاشلىقى ئېلىپ كەلگەن ۋەھىمە سەۋەبىدىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ بىزگە بىز ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان تەرەپنى ئىچىمىزدىكى ياتۋاشلىقنى،

ئۆزىمىزنىڭ دىققىتىمىزدىن قاچىدىغان «ئۆزگىلىكى» نى بىلدۈرۈپ قويۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ غەرب ئەدەبىياتى بىلەن تونۇشۇشىمىزنىڭ ئاخىرقى يولى (ياكى بىر قەدەر رادىكال مەنىدىن ئالغاندا تەقدىرى) مانا مۇشۇ: غەرب ياكى بىز ئۆگىنىشىمىز كېرەك بولغان ھەرقانداق بىر كۇلتۇرنىڭ بىزگە بېرىدىغىنى بىز ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدىغان ھەم بىز كۆزىمىزدىن دائىم قاچۇرۇپ قويىدىغان ئۆزىمىزدۇر. مانا مۇشۇ ئەدەبىياتلا بىزنى باشقىلارغا ھەقىقىي سۆزلەيدۇ.

## 4-سوئالنىڭ جاۋابى

ۋەتەن ئادەمگە تۇنجى خاتىرجەملىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. ئاندىن ئادەم ئۆزىدە خاتىرجەم بولىدۇ. خاتىرجەملىك تۇيغۇسىدا ئادەم ئۆزىنى ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەر، يەر، كۆك ۋە قۇشلار بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك ھېس قىلىدۇ، خۇددى ئۇلار بىردەك، بىللىدەك، بىرلەشكەندەك. خاتىرجەملىك ئېلىپ كەلگەن شادىمانلىقتا ئادەم بىرلىشىشنىڭ مۇقەددەسلىكىدە ئۆزىنى ئۆزگىدەك كۆرەلەيدۇ، سېزەلەيدۇ ۋە بىلەلەيدۇ. مۇقەددەسلىك روھتۇر، ئۇ ھېچكىمگە تەۋە ئەمەس لېكىن ھەركىم ئۇنىڭغا تەۋەدۇر. تەۋەلىك تۇيغۇسى بىرلىشىپ كېتىشتىن ئىبارەت مۇقەددەسلىكتە. ۋەتەن مۇقەددەسلىكنىڭ تاشقىلىشىشى، يەنى گەۋدىلىشىدۇر، چۈنكى ئۇ ئاشۇ ئېتىدا روھنىڭ ئۆزىنى بوشلۇقتا ئىپادە قىلىشىدۇر. بىزمۇ مۇشۇ روھنىڭ تاشقىلىشىشدا ئۆز تاشقىلىشىشىمىزنى نامايان قىلىمىز.

ۋەتەندىن ئايرىلغاندا، مۇساپىر بولۇپ يات ئەللەردە يۈرگەندە ۋە

سەرسانلىقتا ئادەم ۋەتەندىن ئىبارەت بوشلۇق بىلەن مۇناسىۋەتلىشىشتىن مەھرۇم قالغاندەك ھېس قىلىدۇ، لېكىن ئۆزىنى يەنە ئەشۇ روھنىڭ ئىلكىدە كۆرىدۇ. ئادەم ھەر ۋاقىت تەۋەلىك تۇيغۇسىنىڭ ئىلكىدە بولۇشقا ئىنتىلىدۇ. تەۋەسىزلىك ئادەمنى بۇ دۇنياغا جايلاشتۇرىدىغان قەيەردىن ۋە قەيەرگە دېگەن سوئاللار ھەققىدە ئىزدىنىشنىڭ ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ خاسىيىتىدىن مەھرۇم قالدۇرىدۇ. ئۇنى تىغدەك يېگانىلىققا تاشلايدۇ. تىغدەكلىك ئىتتىك، لېكىن خەتەرلىكتۇر. نىشانىسىزلىق ۋە مەنبەسىزلىق ئېنىقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ ئېنىقسىزلىق ۋەھىمىنىڭ باشلىنىشىدۇر. تەۋەسىزلىك ۋەھىمىگە تولغان. تەۋەسىزلىكتە ئادەم ئۆزىنى كىملىكسىز ھېس قىلىدۇ مەن بۇ يەردە قانۇن تەرىپىدىن بېرىلىدىغان پۇقرالىق كىملىكنى دېمەيۋاتىمەن. مەن دەۋاتقان كىملىك قەلبنىڭ ئىچىدە، پۇقرالىق كىملىكنىڭ تېگىدە، ھەممىنىڭ يۈرىكىدە.

كىشىلەر ۋەتەننى ئانىغا ئوخشىتىدۇ. ئانا ئادەمگە تۇنجى ۋە ئاخىرقى خاتىرجەملىك بېرەلەيدۇ. بوۋاق ئۆزىنى ئانىسى بىلەن بىرلىشىپ كەتكەندەك، شۇڭا ئانىسىغا تەۋەدەك ھېس قىلىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي بىرلىك تۇيغۇسىدۇر. ئۇنىڭدىن تەۋەلىك تۇيغۇسى كۆكلەپ چىقىدۇ. بوۋاق ئۆزىنى ئانىسىدا كۆرىدۇ. ئىپتىدائىي تەۋەلىك تۇيغۇسىدا ئادەم ئۆزىنىڭ كىملىكىنىڭ ئەڭ تۇتۇق نۇقتىسىدا تۇرىدۇ، چۈنكى كىملىك ئۆز بىلەن ئۆزگىنى پەرقلەندۈرۈشكە، يەنى بوۋاقنىڭ ئۆزىنى ئانىسىدىن پەرقلەندۈرەلىشىگە باغلىقتۇر. ۋەھالەنكى، كىملىك دەل ئادەمدە تەۋەلىك كرىزىسى كۆرۈلگەندە يەنى بوۋاق ئۆزىنى ئانىسىنىڭ بىر قىسمى، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن دەپ قارىمايدىغان ۋاقىتتا باشلىنىدۇ. كىملىك بوۋاقنىڭ ئانىدىن ئايرىلىشىنى

شەرت قىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۆز بىلەن ئۆزگە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق روشەنلىشىدۇ. «مەن» «ئۇ» دىن پەرقلەندۈرىلىدۇ. «مەن» ئۆزىنىڭ ئۆزلۈك-كىملىكىگە ئېرىشىدۇ. دېمەك كىملىك ئېڭى ئېپتىدائىي تەۋەلىكتىن ئايرىلىپ تەۋەسىزلىنىشنى تەلەپ قىلىدۇ-يۇ، لېكىن، زىتلىق مەنىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، كىملىك تەۋەلىك تۇيغۇسىدىن ئايرىلىدىلا تېخىمۇ روشەنلىشىدۇ. تەۋەلىك كىملىكنىڭ ئانىسى بولسا، تەۋەسىزلىك ئاشۇ ئانىنى پاناھ تارتىشقا بولغان سېغىنىشتۇر. كىملىك ئەسلى تەۋەلىككە قايتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنىڭ قۇتۇلغۇسىز ئاقىۋىتىدۇر.

تەۋەسىزلىكتە روشەنلىشىدىغان كىملىك دەل كىملىكنىڭ ئەسلىگە ئەسلى كىملىككە قايتىشقا بولغان ئىستەكتۇر. ئايرىلىپ قېلىش سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان ۋەھىمىدىن قۇتۇلۇشقا بولغان ئىنتىلىشتۇر، سەرسانلىقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئۆيگە ئانىنىڭ مېھرىبان باغرىغا قايتىشقا بولغان ناتىۋان خىيالدۇر. بۇ يەردە بىرلا كىملىك بار ئۇ دەل ئەسلى كىملىكتۇر، ئۇنى ئۇنتۇغىلى بولمايدۇ، چۈنكى پۈتكۈل ئەسلىمە ئۇنىڭدىن باشلىنىدۇ؛ ئۇنىڭدىن كەچكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئەسلى كىملىكنى تاللىماسلىق ئۇنىڭدىن تۆرلىنىپ چىقىدىغان ھەرقانداق تاللاشنىڭ مەۋجۇت بولالمايدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ؛ ئۇنى باشقا كىملىككە ئالماشتۇرۇۋەتكىلى بولمايدۇ، چۈنكى ئۇ بىردىنبىردۇر، ئۇنىڭ شېرىكى يوقتۇر. بىز ئەسلى كىملىكتىن كەلگەن، ھازىر ئۇنىڭدا ۋە ئۇنىڭغا قايتىمىز. ئەسلى كىملىك قەلبىمىزگە يوشۇرۇنغان، ئۇ سۆزلەيدۇ، بىزنى ئارامسىزلاندۇرىدۇ، بىزنى جۆيلۈتىدۇ.

يېقىندا ئۆغلۇم قاتتىق قىزىپ، پۈتۈن بىر كۈن يېرىم ھوشسىز دېگۈدەك

ياتتى. ئانسى ئىككىمىز ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك يۈردۇق. ئۇ تۇرۇپ-تۇرۇپ جۆيلۈيتتى. تۇن نىسپى ئىدى. ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇراتتىم. بىر چاغدا ئۇ كۆزىنى قىيا ئېچىپ، «دادا، سۇ دېدى.» ئۇنىڭغا سۇ بەردىم. ئۇ سۇنى قېنىپ ئىچىۋالغاندىن كېيىن، بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ ياتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىدىن ئوت يېنىپ تۇراتتى. ئېغىر تىناتتى، پات-پات غەلىتە ئاۋازلارنى چىقىرىپ قوياتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ كۆزىنى تۈيۈقسىز ئېچىپ، بىردە ماڭا، بىردە ئۆيگە قارىۋەتكەندىن كېيىن، خۇددى جۆيلۈگەندەكلا: «دادا، بىز نېمشقا بۇ يەرگە كەلگەن، بىز نېمشقا بۇ يەردە تۇرىمىز، بىز زادى قاچان كېتىمىز» دەپ كەتتى. ئۇ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنى ماڭا تىكىپ تۇراتتى. مەن تۇرۇپ كەتتىم. ئەمدى ئاغزىمنى ئۆمەللەپ تۇرىشىمغا ئۇ ئۆرۈلۈپلا ئاۋۋالقىدەكلا ئۇيقۇغا كەتتى. ئۇ جۆيلۈگەندۇ ياكى ئۇ مەندىن بۇلارنى كەسكىن تەرىزدە سورىغاندۇ بۇلارنى بىلمەيتتىم. كېيىنمۇ سورىمىدىم.

مەن ئۆزۈمنى ئويلاپ قالدىم. مەنمۇ تالاي قېتىم ئۇنىڭدەك جۆيلۈپ كەتكەندىدىم. قارا باسقاندا، مەن نەدە دېگەن خىيال بىلەن ئويغىنىپ كېتەتتىم ۋە ئەتراپىمغا قاراپ جىممىدە تۇرۇپ قالاتتىم. قارا باسقاندا ئادەم ئۆزىنىڭ نەدە نېمىش قىلىۋاتقانلىقىنى ئەڭ بىلىشنى خالايدۇ، لېكىن بىلەلمەي قىينىلىپ كېتىدۇ. شۇ قىينىلىشتا قارا بېسىش ئېغىرلىشىدۇ، ئادەم تەگسىزلىككە سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. خۇددى ئانىنىڭ خىيالىي باغرىغا ئاستا يىقىلىۋاتقاندەك. قارا باسقاندا ئادەم ئۆزىنى ئىزلەشتۈرىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىزلەشتۈرۈشنى ئىزلەشتۈرىدۇ. ئۆزىنى ئۆزى قۇتۇلالمايدىغان گىرداپتا كۆرىدۇ چىقىپ كەتمەكچى بولغان، لېكىن چىقىپ كېتەلمەيدىغان. ئۆزىنى

سەرسانلىقتا كۆرىدۇ، مەنزىلسىز، قاراڭغۇ ۋە قورقۇنچلۇق. قارا بېسىش نەدىن كېلىپ نەگە كېتىۋاتقانلىقنى بىلىشكە بولغان تىركىشىشتۇر. ئوتتۇرىغا چىقمايۋاتقان ئۆزىنى قايتا بايقاشقا بولغان ئەسەبىي ئۈرۈنۈشتۇر.

ۋەتەندىن ئايرىلغان ئادەم جۆيلۈشلىرىدە يىراقتا ئۆزى تەۋە ۋە ئۆزىگە تەۋە بوشلۇقنى سورايدۇ. ۋەتەندىن ئايرىلغۇچى ۋەتىنىنى يىراقتىن سورىغىنىدەك، ۋەتىنىمۇ ئۇنى يىراقتىن سورايدۇ. بەزىدە ۋەتەننى ۋەتەندە تۇرۇپ سورىغاندەك، ۋەتەننى بەزىدە ۋەتەندىن يىراق يەردە سورايمىز. ۋەتەننىڭ سورىشى ئۇنىڭ بىزنى ئايانچلىق ۋە لەرزىز ئاۋازدا چاقىرىشىدۇر. ۋەتەن چاقىرىدۇ. ئاۋاز يىراق يىراقتىن كېلىدۇ، بىز جىمجىتلىقتا ئاڭلايمىز. بىز بۇ ئاۋازغا تەۋە بولغانلىقىمىزنى يېڭىۋاشتىن ھېس قىلىمىز، خۇددى ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك. بۇ بىر مەڭگۈلۈك ئەللەي ناخشىسىدۇر. بۇ ناخشا بىزنى ئۇيقۇغا سۆرەيدۇ. قاتتىق ئۇيقۇدا، بىزنى ئېھتىمال قارا بېسىشى مۇمكىن ئەنە شۇ چاغدا تىپىرلايمىز، ئارامسىزلىنىمىز، جان جەھلىمىز بىلەن قېچىپ كەتمەكچى بولىمىز.

قارا بېسىشتا ئادەم ھەممىنىڭ ئاخىرلىشىپ ئۇيغاقلىقنىڭ كېلىشىگە تەشنا بولىدۇ. بۇ بىر قاراڭغۇ تۈندىكى خىيال، كېچىنىڭ قەلبىگە تىقىلىپ كىرىشى. ئادەمنىڭ يىراقتىكى جىمجىتلىقتا ئاستا، لېكىن ئەلەملىك يۈرۈشى. يىراقتىن يىراقنى سورىشى. ئەسلى تەۋەلىككە قايتىشقا ھەر كۈنى تەرەددۇتلىنىشى، خۇددى ئۆلۈغ بىر مۇراسىمغا تەييارلىنىۋاتقاندەك. ئەسلى تەۋەلىككە قايتىپ، شەخسىيتىنىڭ يوق قىلىنىشىغا، قوشۇلۇپ كېتىشكە بولغان ئېپتىدائىي ئىستەك. كونا قىسمەتنىڭ تەكرارلىنىشى. ئوغلۇمنىڭ قىزىشى ۋە جۆيلۈشى. مېنىڭ ئۆيدىن جىممىدە چىقىپ كېتىپ، يىراققا بىر كۈنى قايتىشنى ئورمانلىقتا

كۈتۈشۈم. مېنىڭ كۈتۈشۈم    بىزنىڭ كۈتۈشىمىز.
تۆۋەندە رۇس يازغۇچىسى ۋىلادىمىر نابوكوفنىڭ «ۋەتەن» دېگەن شېئىرىنى
ۋەتەنگە يوللىماقچىمەن. بۇ مېنىڭ بۇ سوئاللار ئارقىلىق ۋەتەنگە بولغان
ئاخىرقى جاۋابىم بولغاي:

ۋەتەن

ۋېلادىمىر نابۇكوف

ئەۋلاتتىن ئەۋلاتقا روسيەنى بىز،
ئۆكسمەس بەخت دەپ كەلدۇق ئاتىشىپ.
كۆرمىدىم ئۇنىڭدەك دىيارنى گۈزەل،
قانچىلاپ ئەل  -يۇرتنى باقسامۇ كېزىپ.

مەيلى يول تۇتاشسۇن قاياققا،ھامان-
خىيالەن قايتىمەن روس تۇپرىقىغا .
يات زېمىن،سەندە قاي جەلپكارلىق بار؟
سۈرگۈنمەن،زەھەرلىك نەشتىرىڭ قايدا!؟

تىلاۋەت قىلىمىز،تىلاۋىتىمىز-
دىللارنى ئازادە قىلدۇ تۈندە.
روسيە مۇسسيسەن ئەبەدىلئەبەت،

كۆرۈنمەس ھەمراھىم بولغان سەپەردە.

ئەي ۋەتەن بىپايان ئورمان كۆيۈڭگە،
<<ھەشقاللا! >>ئېيتىمىز چىن قەلبىمىزدە.
ئورمان چۈن قوزغالغان ھىجران كۆيلىرى
ئورمان چۈن توقۇلغان شېئىر- قەسىدە.

يات ئەلدە ئۇشتۇمتۇت باستىمەن ئاياق،
سۈرگۈننىڭ چۈشىگە تىنچ- خاتىرجەم.
روسىيە ھەمىشە ئورايسەن مېنى-
شامالدەك،دېڭىزدەك،تىلسىماتتەك ھەم.

(زاكىرجان مىجىت سىددىقى تەرجىمىسى)

## رەپقەت غازىنىڭ دەسلەپكى جاۋابلىرى

1 ـ سۇئال

ئۆز كەچمىشلىرىڭىز ئاساسىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ ۋە غەربلىكلەرنىڭ تەپەككۇر ئۇسۇلى ھەققىدە توختىلىپ باقامسىز ؟

غەربلىكلەرىك، خەنزۇلارنىك ۋە ئۇيغۇرلارنىك تەپەككۇر ئۇسۇلى ئوتتۇرسدا روشەن پەرقلەر مەۋجۇت. بۇ پەرقلەرنى ئۇلارنىك تىل ئالاھىدىلىكلىرى ، ۋاقىتقا بولغان تونۇشى ۋە مەسلىنىك جەريانىغا بولغان پوزىتسيەسىدىن دەسلەپكى قەدەمدە بايقىغىلى بولىدۇ.

ئوبكتتنى بىر تەرەپ قىلىشى ئوخشمايدۇ.

غەربلىكلەر ئوبكتلاشتۇرىدۇ. بۇ پاسسىپ جۇملە شەكلىدە روشەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسلەن: نېمسچە فرانسۇزچە ئىنگلىزچە

) .1It is) understood! -- Verstanden! -- (C´est) compris! (

.2I was told/informed. Ich wurde gesagt/informiert. On m´adit/ informé

(1. چۈشنىلدى-يەنى چۈشەندىم دېمەكچى 2. مەن دېيىلدىم/ئۇقتۇرۇلدۇم --يەنى ماڭا دېدى، ماڭا ئۇقتۇردى/ئۇقتۇرۇلدى دېمەكچى.) بۇلار ۋەزمن، فورمال، سلىق جۇملە شەكلىدە ئىپادىلەش ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بىز بۇ يەردە پاسسىپ جۇملە شەكلىنى ئىشلەتمەيمىز.

ئوبكتىپلىكنى تەكىتلەيدۇ. بۇ توۋەندىكى ئىگىسى كىشلىكسىز، ئوبكتىپ مەۋجۇتلۇقنى بىلدۈردىغان ئالماشلار بولغان جۇملىلەردە تىپىك ئىپادىنىلىدۇ.

It/thereئىنگلىزچە:

It is raining (يامغۇر يەغۋاتىدۇ.) .

. (جوزنىڭ ئۈستىدە بىر كىتاپ بار/تۇرىدۇ.)There is a book on the table

Esنېمىسچە:

. (يامغۇر يەغىۋاتىدۇ.) Es regnet

. (جوزنىڭ ئۈستىدە بىر كىتاپ Es gibt /ist ein Buch auf dem Tisch

بار/تۇرىدۇ.)

Ilفرانسۇزچە:

. (يامغۇر يەغىۋاتىدۇ.)Il pleut

. (جوزنىڭ ئۈستىدە بىر كىتاپ بار/تۇرىدۇ.) Il ya un livre sur la table

بۇلار خەنزۇ، ئۇيغۇر تىللىرىدا مەۋجۇت ئەمەس.

خەنزۇلار ئومۇملاشتۇرىدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ كاتاكچە خەت شەكلى يەنى ئىچىدىن-تەشقا،

يۇقىرىدىن تۆۋەنگە دىگەندەك ئۇششاق پارچىلارنى بىر ئومۇمي گەۋدىگە

(دەپنە) خېتى.葬(چېگرا)، 疆ئايلاندۇرۇشىدىن كۆرگىلى بولىدۇ. مەسلەن :

ئۇيغۇرلار سوبىكتلاشتۇرىدۇ يەنى ئاددەملەشتۇرىدۇ.

يېزىققا ماس ھالدا ئارخېتېكتۇرلۇق جەھەتتىن ئوخشمايدۇ.

غەربلىكلەرنىڭ قۇرۇلۇشلىرى ئۇچلۇق، ئۇزۇن، تۈز، قىرلىق كېلىدۇ. مۇناسىۋەتتە ئۇلار تۈز

كېلىدۇ.

خەنزۇلارنىڭ كاتاكچە، چاسا، ئىچكىرىكى-تاشقارقى كېلىدۇ. خەنزۇچە خەتنىڭ بۇنداق

باغلىنىشلىق قۇرۇلمىسى، يەنى ئۇلارنىڭ بۇ خىل تەپەككۇرى ئۇلارنىڭ كىشىلىك مۇناسىۋەتنىڭ قاتلاملىق،مۇرەككەپ، تور شەكلىدە بولۇشىنى شەكىللەندۈرگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ (يەنى ئىسلامىيەت تېپىدىكىلەرنىڭ) ئەگىم، يومۇلاق، لېۋەن كېلىدۇ. مۇناسىۋەتتە نازۇك، ھېسسىيلىق كۈچلۈك.

بۇنى لاتىن يېزىقلىرى، خەنزۇچە خەت ۋە ئەرەب يېزىقىدىن شۇنداقلا چېركاۋ، بۇتخانا ۋە مەسچىدلەرنىڭ قۇرۇلمىسىدىن روشەن بايقىغىلى بولىدۇ.

ۋاقىتقا بولغان تونۇش ئوخشىمايدۇ.

غەربلىكلەر ۋاقىتنى تۈز سىزىق شەكلىدە تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. يەنى ئۇ تۈگەپ كېتىدۇ دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ ۋاقىت ئېڭى كۈچلۈك، ۋاقىتنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. گېرمانىيىدە Terminkalender (ئۇچرىشىش كالىندارى) دېگەن يانچۇق دەپتىرى ھەممە ئادەمدە دېگۈدەك بولىدۇ. ئۇلار بىرسىگە مەلۇم بىر ئىشقا ۋەدە بېرىشتىن بۇرۇن ئاۋال شۇ دەپتىرىگە قاراپ، ئاشۇ ئاينىڭ ئاشۇ كۈنى بوش ۋاقتى بارمۇ-يوق شۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرۇش قىلىدۇ. بېرلىندىن ميۇنخىنغا بارغۇچە ماشىنىسىغا ئادەم سېلىۋالدىغانلار 6 ئايدىن كېيىنكى مەلۇم ئاينىڭ مەلۇم كۈنى سەھەر سائەت نەچچىدە ميۇنخىنغا قاراپ ماڭىدىغانلىقى توغرىلىق ئېلان بېرىدۇ. ئايروپىلان بېلەتلىرىنى ئۇلار كامىدا ئۈچ ئاي ئىلگىرى بەزىلىرى بىر يىل بۇرۇن سېتىۋالىدۇ. ( ياۋروپادا ئومۇميۈزلۈك مەيلى پويىز، ئايروپىلان بېلەتلىرى بولسۇن قوش يۆنىلىشلىك سېتىۋېلىندۇ.) ئۆز ۋاقتىدا ئۈرۈمچىگە دېگەن نېمىس قىز ئۆزىنىڭ ئۈچ ئايدىن كېيىن يەنى 9-ئاينىڭ Friderikaكەلگەن 11-كۈنى قايتىدىغانلىقىنى ، شۇ كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا بوننىن ئايرودۇرومغا چۈشۈپ، سائەت 11 دە ئۈنىۋېرسىتېتقا بېرىپ تىزىمغا ئالدۇردىغانلىقىنى دېگەن. ( شۇ

چاغدا مەن "نېمىسلار ئۆلمىسە كېرەك" دەپ ئويلىغان.)

ئەرەبلەر، جۈملىدىن شەرقلىقلەر بولسا ۋاقىتنى يومۇلاق تەسەۋۋۇر قىلىدۇ. يەنى ۋاقىت قايتىلىنىپ، دەۋر قىلىپ تۇرىدۇ،تۈگىمەيدۇ دەپ قارايدۇ.
غەربلىكلەر ۋاقىتنى يەنە ئىش ۋاقتى ۋە شەخسىي ۋاقىت دەپ ئايرىيدۇ. ئۇلارنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا خىزمەت بىلەن ئىزدېگىلى بولمايدۇ. شەخسىي مۇناسىۋەت بىلەن ئىزدەش ئۈچۈنمۇ چوقۇم ئالدىن-ئالا خەۋەر بېرىپ مۇۋاپىق بولغان ئۇچرىشىش ۋاقتىنى كېلىشىۋېلىش كېرەك. تۇيۇقسىز يوقلاپ كېلىش ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. قارشانا باشقۇرۇش ئىلمىدە شىركەتلەرنىڭ دېرىكتورلىرىغا بۇ ھەقتە ئالاھىدە تەۋسىيەلەر بار. غەربلىكلەر سودا ئۇچرىششىنى ئىش ۋاقتىدا، ئىشخانىدا، فورمال (قائىدىلىك) يۇسۇندا، دەماللىققا ئېلىپ بارىدۇ، توختام تۈزىدۇ. شەرقلىقلەر ( جۈملىدىن ئەرەبلەر،جۇڭگولۇقلار، ياپونلار) بۇ خىل ئۇچرىششىنى ئىشتىن سىرت ۋاقىتقا، رىستۇران ۋە باشقا جايغا ئورۇنلاشتۇرۇشى مۇمكىن. ئۇلار بۇنداق ئۇچرىششىنى غەيرى رەسمىي يوسۇندا، ئايالللارسىز، ئادۇۋىكاتسىز ( ياپونلار ئادۇۋكاتلارنى "ئىش تېرىغۇچىلار" دەپ قارايدۇ.) ئېلىپ بارىدۇ. توختامغا ئانچە ئېتىبار قىلمايدۇ، بەلكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى تەكىتلەيدۇ. (توختام قىسقا، مۇجمەل يېزىلىدۇ ۋە كېيىن داۋاملىق ئۆزگەرتىلىدۇ.)

مەسلىنىڭ جەريانىغا بولغان پوزىتسىيە ئوخشىمايدۇ.

غەربلىكلەر مەسلىنىڭ باغلىنىشىغا جىددىي قارايدۇ. بۇ ئۇلاردا شەيئى ياكى ھادىسلەرنىڭ تارىخىغا، مەۋجۇدىيەتنىڭ قانداق پەيدا بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشتە ئىپادىلەنگەن. (بەلكى لوگىكنىڭ غەربتە تەرەققى قىلىشى شۇ سەۋەپلىكتۇر)

مەسلەن مەيلى گېرمانىيەدە، ئەنگلىيەدە، ئىتالىيەدە بولسۇن ئىچىۋاتقان پىۋىنىڭ ، ۋىنونىڭ ئۆتكەن قايسى ئەسىرنىڭ نەچچىنچى يىلىدىن باشلاپ ئىشلەپچىقىرىلغانلىقى، چېركاۋلا ئەمەس، قايسى بىر سەھرادىكى بىر ئۆيىنىڭ مىلادى 1600- نەچچىنچى يىلى سېلىنغانلىقى يېزىپ قويۇلىدۇ. ھەممە شىركەتلەر دېگۈدەك ۋىۋىسكىسىغا قاچان قۇرۇلغانلىقىنى يېزىپ قويىدۇ. يەنە چامادان، ئاياغ، ئاشخانا سايمانلىرى دېگەننىڭمۇ تارىخي بولىدۇ. ئومۇمەن كونا نەرسىنىڭ قەدىرىنى قىلىدۇ. شۇ سەۋەپلىك ئەنئەنە كۆچلۈك ۋە ساپ ساقلانغان. نېمىسلارنىڭ ھۆكۈمەت تەشۋىقاتىدا ھەتتا "كەلگۈسىنى ئەنئەنە ئىچىدە يارىتايلى" دېگەن شۇئارى بار.

خەنزۇلار مەسلىنىڭ باشلىنىشىدىن كورە مەسلىنىڭ جەريانىغا مۇھىم قارايدۇ.(خەنزۇ تىلىنىڭ زامانغا بولغان ئاجىزلىقى بۇنىڭ بىلەن باغلىنىشلىق بولسا كېرەك.) بۇ خەنزۇلاردىكى جاھاندارچىلىق قارىشىنىڭ ناھايىتى ئەمەلىيەتچانلىقىدا كۆرۈلىدۇ. گېرمانىيەدە ئۇزۇن تۇرغان فۇدان ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىقتىساد فاكۇلتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچى سى يالڭ تاۋ ئەپەندى بۇ توغرىدا " جۇڭگودا جاننى بېقىش ھەممىدىن ئەلا. جان بەقىشنىڭ شەھرىدە بىر شاڭخەيلىك Naplesئوزى پەلسەپە" دېدى. جەنۇبىي ئىتالىيەدىكى بايۋەتچە مالنى تاموژنىدىن چىقىرىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىتالىيان بىلەن سوھبەتتە بولدى. بۇ قارا كوزەينەك تاقاپ، سەرەڭگە ياغچىنى چايناپ ئولتۇرغان كورەڭ ئىتالىيان ئوزلىرىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى پەش قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە، يەنى شاڭخەيلىكنىڭ مېلىنى پورتتىن تىنچ-ئامان چىقىرىشىغا 99% كاپالەتلىك قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. لېكىن شاڭخەيلىك:" مەيلى سەن بۇ ئىش بىلەن 100 يىل شۇغۇللانغان بول، لېكىن ھازىرنىڭ ئوزىدە مېلىمغا يۈزدە-يۈز كاپالەتلىك قىلالمىساڭ ھەممىسى بىكار دېدى." بۇ جەھەتتىن خەنزۇلار پراگماتىزىچى.

ئەرەبلەر جۇملىدىن ئىسلام مەدەنىيەت چەمبىرىكىدىكىلەر مەسىلىنىڭ باشلىنىشى ۋە جەريانىدىن كۆرە مەسىلىنىڭ نەتىجىسىگە جىددىي قارايدۇ. بىز دۇنيانىڭ باشلىنىشىدىن كۆرە دۇنيانىڭ ئاخىرىسىنى، يەنى ئاخىرەتنى كۆپرەك ئويلايمىز. بىزدە تارىخ ساقلانمايدۇ.

## 2ـ سوئال

## ئۆزىڭىز كۆرگەن چەتئەل مائارىپى ھەققىدە بىلگەنلىرىڭىزنى دەپ باقسىڭىز.

گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ۋە ئۇنىۋېرستىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى ئالاھىدىلىكلىرى.

گېرمانىيىدە :

باشلانغۇچ مەكتەپ 4 يىللىق (6 ياكى 7 ياشتىن باشلىنىدۇ.) باشلانغۇچتىن كېيىن Gymnasium, ئوقۇغۇچى ئۈچ خىل ئوخشىمىغان ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقىدۇ:يەنى Realschule ياكى Hauptschule.

ئالىي Abitur دېيىلىدۇ.( Abitur يىللىق، ئاخىرقى ئىككى يىلى 9 Gymnasium مەكتەپكە تەييارلىق قىلىش باسقۇچى ۋە شۇنداقلا ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىزدىكى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانى بىلەنئوخشاش.)

يىل داۋاملىشىدۇ. ئۇنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن تېخنىكۇملارغا ۋە باشقا 6 Realschule غا تەييارلىق Abitur كەسپىي مەكتەپلەرگەكىرىشكە بولىدۇ.ياكى يەنە ئىككى يىل

يىل داۋاملىشىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپۈنچە 5 Hauptschule قىلىسمۇ بولىدۇ.

غا Abitur ئەھۋالدا پىداگوگىكا مەكتەپلىرىگە كىرىدۇ. يەنەداۋاملىق ئورلەپ

تەييارلىق قىلىش ئىمكانىيىتىمۇ بولىدۇ.

ئەنگلىيىدە :

ئادەتتە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ مەكتەپ مۇدىرى ۋە ئاتا-ئانىلار، مەكتەپ خادىملىرى، يەرلىك مائارىپ ئىدارىسىدىن تەشكىللەنگەن رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ. كۆپۈنچە مەكتەپلەر ئاممىۋى فوند ئارقىلىق مەۋجۇت بولىدۇ. دېيىلىدۇ. دىنىي ياكى باشقا Maintained schoolبۇخىل مەكتەپلەر Foundationخەيرى-ساخاۋەت فوندى ئارقىلىق مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان مەكتەپلەر دېيىلىدۇ. ئۈچىنچى خىلى يەنى ھۆكۈمەت فوندى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ school Grammar دېيىلىدۇ.(بۇنىڭغا يانداش يەنە Comprehensive schoolتۇرغىنى دا لاتىن ۋە گرېك تىلى ئۆتۈلىدۇ.) مەجبۇريي Grammar school بار. school مائارىپ 5 ياشتىن 16 ياشقىچە بولىدۇ. باشلانغۇچ 5 ياشتىن 11 ياشقىچە يەنى 6 يىللىق. 16 ياشتىن 18 ياشقىچە (شوتلاندىيىدە 19 ياشقىچە) ئارلىقتا شۇ مەكتەپتە ياكى (ئىنىستىتۇت)تا ئىككى يىل مۇستەقىلراق ھالدا تارراق دائىرىدە، Collegeباشقا A-Level (Advancedچۈشقۇرلاپ(ئالىي مەكتەپلەرگەكىرىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان) ئىمتىھانىسغا تەييارلىق قىلىندۇ.(General Certificate of Education

( مەۋسۇم) ئەنگلىيىدە ئۈچ Semesterبىر ئاكادېمىك يىل گېرمانىيىدە ئىككى (مەۋسۇم)بولىدۇ. ؟؟؟ مېنىڭچە بۇ جۈملە چۈشىنىكسىز بولۇپ قالغان. "يىل" دىن term بۇرۇن سان بارمىتى قانداق؟ گرەمانىيىدە كۆزلۈك، مىلادىيە بايرىملىق؟؟؟ "مىلاد بايرىمى"مۇ ياكى "يېڭى يىل بايرىمى"مۇ؟ ، تىرىلىش بايرىملىق تەتىللەر ئىككى ھەپتىدىن،قىشلىق تەتىل بىر ھەپتە، يازلىق تەتىل ئالتە ھەپتە بولىدۇ. ئەنگلىيىدە ؟؟؟مىلادىيە بايرىمى، تىرىلىش بايرىملىق تەتىللەر ئىككى ھەپتىدىن، يازلىق تەتىل ئالتە

ھەپتە بولىدۇ. يەنە ھەر مەۋسۇم ئوتتۇرسىدا بىر ھەپتىدىن دەم ئېلىش بولىدۇ.
( ئۇنىۋېرستىتلارنىڭ بۆلاردىن پەرقلىنىدۇ.)
ئەنگلىيىدە ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بىردەك مەكتەپ فورمىسى كىيىدۇ.
يەنە قىزلار مەكتىپمۇ بولىدۇ.
گېرمانىيىدە "6 لىك" ئىمتىھان تۈزۈمى(يەنى "1" دىن "6" گىچە نومۇرقويۇش
(لاياقەتلىك) ausreichend (ئەلا )، Sehr gut 4ئۇسۇلى)قوللىنىدۇ."1"
" غىچە E " دىن" Aھېسابلىنىدۇ. ئەنگلىيىدە بولسا 5" لىك" ئىمتىھان تۈزۈمى(يەنى "
" C (ئەلا 100-70)، " excellent " Aبولغان نومۇر قويۇش ئۇسۇلى)قوللىنىدۇ. "
(لاياقەتلىك 55-40) ھېسابلىنىدۇ.pass
ئەنگلىيە باشلانغۇچ مەكتەپلىرىدە ئىككىنچى يىللىقى ۋە ئالتىنچى يىللىقتىلا بىر قېتىمدىن
GCSE (General Certificate ofئىمتىھان ئېلىنىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپتە 11-يىللىقتا
- ئىككىلەمچى مائارىپ ئۇنىۋېرسال دىپلومى ) Secondary Education
ئىمتىھانىسى بار. گېرمانىيىدە ئېغىزچە ئىمتىھان باشتىن-ئاخىر ئىمتىھانلارنىڭ مۇھىم بىر
تەركىۋى قىسمى. ئەنگلىيىدە بولسا ئېغىزچە ئىمتىھان يوق.
گېرمانىيىدە ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلار ئۇنىۋېرستىتنى
پۈتتەرگەندىن كېيىن دۆلەتلىك بىر تۇتاش ئىمتىھانغا قاتنىشىدۇ. ئاندىن ئىككى يىل
ئوخشىمىغان مەكتەپلەردە دەرس ئوتۇش، دەرس تەييارلاش ۋە باشقا جەھەتتىن پراقتىكا
قىلىدۇ. ئىككى يىلدىن كېيىن دۆلەتلىك ئىككىنچى دەرىجىلىك ئىمتىھانغا
قاتنىشىدۇ.( دوكتۇرلۇق ۋە ئادۋۇكاتلىق ئۆچۈنمۇ شۇنداق.) بۇنىڭدىن ئوتسە ئاندىن
رەسمي ئوقۇتقۇچى بولىدۇ. ھۆكۈمەت ئىگىدارچىلىقىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچى
لىرى كەسپىي ھۆكۈمەت خادىملىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېتلار مەيلى گېرمانىيىدە ياكى ئەنگلىيىدە بولسۇن تارقاق جايلاشقان. بىر دەرس شەھەرنىڭ بۇ تەرىپىدە بولسا ئىككىنچى بىر دەرس شەھەرنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يەنە بىر فاكۇلتېتنىڭ بىر بىناسىدا بولۇشى مۇمكىن.

ئەنگلىيە ۋە گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ھەر فاكۇلتېت مەۋسۇملۇك ئۆتۈلىدىغان دەرسلەرنىڭ ئىسمى، دەرس ئۆتكۈچى، ۋاقتى ،ئورنى، بۇ دەرس ئۈچۈن پايدىلىنىدىغان (يەنى دەرس بەرگۈچى پروفېسسور تەرىپىدىن تەۋسىيە قىلىنىدىغان) ماتېرىياللار تىزىملىكى ۋە ئۇنىڭغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ شەرتى قاتارلىقلارنى جەدۋەللەشتۈرۈپ چىقىرىپ قويىدۇ. ئوقۇغۇچىلار خۇنىڭغا ئاساسەن ئۆزىگە مۇۋاپىق بولغان (نەچچە پەننى ئوقۇش، قاچان ئوقۇش) دەرس جەدۋىلى بەلگىلەپ ۋاقتى كەلگەندە شۇ دەرسخانىغىلا بارىدۇ.

كۇتۇپخانىنىڭ رولى ئالاھىدە تەكىتلىنىدۇ. مارتىن لۇتېر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسورى Stolzenberg ماڭا ئەۋەتكەن 4 قۇرلۇق تەكىپنامىسىدە:

" سىزنىڭ مارتىن لۇتېر ئۇنىۋېرسىتىغا كېلىپ ئوقۇشىڭىزنى قارشى ئالىمىز. فاكۇلتېتىمىز ۋە ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ كۇتۇپخانىسى پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن ھەرۋاقىت ئوچۇق" دەپ يازغان ئىدى. ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ مەركىزىي كۇتۇپخانىسىدىن سىرت ھەر فاكۇلتېتنىڭ ئۆز ئالدىغا كۇتۇپخانىسى بولىدۇ. بۇلاردىن سىرت يەنە رايونلۇق كۇتۇپخانا، شەھەرلىك كۇتۇپخانىلار بار. كۇتۇپخانىلاردىن كىتاپ ئارىيەت ئېلىش ئۇسۇلى رەتلىك، ئاددىي. ئارىيەت ئالماقچى بولغان كىتاپلارنى ئىنتېرنېت ئارقىلىق زاكاس قىلىپ قويسا كۇتۇپخانا خادىمى ئۇنى تېپىپ تەييارلاپ قويىدۇ. ياكى ئۇنى پوچتا ئارقىلىق ئەكەلتۈرۈشكىمۇ بولىدۇ( ئەگەر كۇتۇپخانا يىراق بولسا.) مۇقىم دەرسلىك كىتاپ بولمايدۇ. ھەم دەرس بەرگۈچىمۇ بىر ئىككى كىتاپقىلا ئېسىلىۋالمايدۇ. ئادەتتە 4- 8 گىچە كىتاپلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ.( ئۆزىنىڭ يازغىنى بولسا ئۇنى نۇقتىلىق تەكىتلەيدۇ.)

گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەرسلەر Vorelsung (لېكسىيە)، Seminar (سېمىنار)

(پروفسورنىڭ Totoriumدەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. يەنە ھالقىلىق پەنلەرگەقارىتا دەرسىدىن كېيىن پروفسور ياردەمچىسىنىڭ ياكى يۇقىرى يىللىقتىكى ئوقۇغۇچىنىڭ ( مەشىق) ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. دەرستە Uebungيېتەكچىلىكىدىكى ئوپچە مۇزاكىرە) ۋە ئاساسەن يوقلىما قىلىنمايدۇ. پروفسورنىڭ تەلىۋى بويىچە بەزى پەنلەردىن ئىمتىھان ئېلىنىدۇ ۋە بەزىلىرىدىن ماقالە يېزىلىدۇ. ئادەتتە بىرىنچى مەۋسۇم ئوقۇغۇچىلىرىدىن كومپيۇتېر ئۆلچەملىك بېتىدە 12 بەت يېزىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

گېرمانىيەنىڭ مائارىپ تۈزۈلمىسى ئىنچىكە. ئۇنىۋېرسىتېتتىكى كەسپلەر (دىپلوم Diplomfaecher ( ماگىستىر كەسپلىرى) ۋە Masterfaecher كەسپلىرى) دەپ ئىككىگە بولۇنىدۇ. ماگىستىر كەسپلىرىنى تاللىغاندا ئوقۇغۇچى بىر ئاساسىي پەن ۋە ئىككى قوشۇمچە پەن ياكى ئىككى ئاساسىي پەن تاللاش كېرەك. بۇ پەنلەرنى خالىغانچە ئەركىن تاللاشقا بولىدۇ (پەقەت يېقىن ئىككى پەن، مەسلەن نېمىس تىل-ئەدەبىياتى بىلەن نېمىس تىلشۇناسلىقى دېگەندەك، بولمىسلا بولىدۇ.) ماگىستىر كەسپلىرى ئۈچۈن جەمئي 72 خىل پەن ئوقۇشى كېرەك.( يەنى ھەپتىسىگە ئىككى سائەتتىن بىر مەۋسۇم ئوقۇلىدىغان دەرسلىك بىر پەن بويىچە ھېسابلىنىدۇ. بىر مەۋسۇم ئادەتتە 15-16 ھەپتە ھېسابلىنىدىئۇ.) دىپلوم كەسپلىرىنى تاللىغاندا پەقەت بىر پەننىلا ئوقۇيدۇ. جەمى 54 خىل دەرسلىك تۈگىتىلىشى كېرەك. بىر پەن ھەم ماگىستىر كەسپىگە ھەم شۇنداقلا دىپلوم كەسپىيگە چۈشىشىمۇ مۇمكىن. قايسىنىڭ قانداقلىغى ئۇنىۋېرسىتېتلار ئارا ئوخشىمايدۇ

(دەسلەپكى ئوقۇش -- Grundstudium گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرىدىكى ئوقۇش ( ھالقىلىق ئوقۇش - كېيىنكى باسقۇچ) Hauptstudiumيەنى دەسلەپكى باسقۇچ)، مەۋسۇم Grundstudium 4دەپ ئىككى قىسمغا بولۇنىدۇ. پىرىنسىپ جەھەتتىن دا تەلەپ قىلىنغان پەنلەرنى تۈگەتكەندىن كېيىن Grundstudiumبولىدۇ.

(ئارلىق ئىمتىھانى) بېرىش كېرەك. ئىمتىھاندىن ئۆتكەندىن Zwieschenpruefung نى باشلاشقا بولىدۇ. ئۇ ئادەتتە 4 مەۋسۇم ئوقۇش ۋە بىر Hauptstudiumكېيىن نى 6 مەۋسۇم ئىچىدە تۈگەتسە Grundstudiumمەۋسۇم پراقتىكا بولىدۇ.. ئادەتتە بولىدۇ. ئۇنداق بولمايدىكەن، مەكتەپ ئوقۇشتىن چىقىرۋەتمىسمۇ، لېكىن چەتئەللىكلەر ئىدارىسى ۋىزىنى ئۇزارتىپ بەرمەيدۇ.

گېرمانىيىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن خالىغان ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ، سانى چەكلەنمەيدۇ. بەلكى بىر ئوقۇغۇچىغا ئونلاپ ئۇنىۋېرسىتېتلاردىن چاقىرىق كېلىشىمۇ مۇمكىن. ئەنگلىيىدە ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندىن كېيىن 6 ئۇنىۋېرسىتېتكا ئىلتىماس قىلىشقا بولىدۇ. (تەگلا ۋاقىتتا ئوكسفورد بىلەن كامبرىج ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ھەر ئىككىسىگە ئىلتىماس قىلىشقا بولمايدۇ، ئۇلاردىن بىرىنىلا تاللاش كېرەك.)

گېرمانىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا دەسلەپكى تۆت مەۋسۇم ئىچىدە كەسىپ ئالماشتۇرۇشقا بولىدۇ.(بەزى ئۇنىۋېرسىتېتلاردا دەسلەپكى ئۈچ مەۋسۇم ئىچىدىلا بولىدۇ.) كەسىپ ئالاشتۇردىغانلارمۇ كۆپ بولىدۇ. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئوزىگە مۇۋاپىق بولغان ۋە ئارزۇلىغان كەسپتە ئوقۇش ئىمكانىيىتىنى كۈچەيتىدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېتلاردا كەسىپ، ئىمتىھان، قوشۇمچە خىزمەت توغرىلىق مەخسۇس مەسلىھەت بېرىش ئورنى بولىدۇ. پروفېسورلار ئادەتتە ھەپتىدە مۇقىم بىر سائەت ئوقۇغۇچىلارنى قوبۇل قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كامىدا بىر ھەپتە ئىلگىرى كاتىپاتتىن (ۋاقىت Termin ئورۇنلاشتۇرۇش) ئېلىش كېرەك.

ئەنگلىيىدە باكالاۋۇرلۇق ئۈچ يىل، ماگىستىرلىق تۆت يىل( باكالاۋۇرلۇق بىلەن قوشۇلۇپ) بولىدۇ. گېرمانىيەدىمۇ باكالاۋۇرلۇق ئۈچ يىل بولىدۇ. (لېكىن چەتئەلدە باكالاۋۇرلۇق ئوقۇغانلار گېرمانىيىدە ئوقۇماقچى بولسا دەسلەپكى ئوقۇش باسقۇچى يەنى تۆت

مەۋسۇمۇلۇك ئوقۇش قىسقارتىلدۇ.)

گېرمانىيەدە ئوقۇش كۆپىنچە ھالدا 9 ياكى 10 مەۋسۇم بولىدۇ(دوختۇرلۇقنىڭ 12 مەۋسۇم، چىش دوختۇرلۇقنىڭ 11 مەۋسۇم، باشلانغۇچ مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى سى بولۇدىغان كەسپلەرنىڭ 7 مەۋسۇم، ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلارنىڭ 8 مەۋسۇم بولىدۇ.) ئوقۇغۇچى ھەر بىر پەننى تۈگەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ نەتىجە ئىسپاتىنى يىغىپ ساقلايدۇ. قاچان ئوقۇتۇش باشقارمىسى بەلگىلىگەن كەسپلەرنى ئوقۇپ بولغاندا ئاندىن ئۆزى ئىمتىھان ئېلىش مەركىزىگە بېرىپ ئىمتىھان بېرىشكە ئىلتىماس قىلىدۇ. ئىمتىھان ئېلىش مەركىزى ئۇ تۈگەتكەن پەنلەرنى تەكشۈرۈپ چىقىپ، (ئارلىق ئىمتىھانى) ۋە Zwieschenpruefungتەلەپكە ئويغۇن بولسا ئاندىن (ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى)نى بېرىشكە چاقىرىق Abschlusspruefungياكى قىلىدۇ.(ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىسى يازمىچە، ئېغىزچە ئىمتىھاننى ۋە دىسسرتاتسيە ياقلاشنى ئوز ئىچىگە ئالىدۇ.) مەكتەپكە رويخەتكە ئېلىش، ھەر مەۋسۇمدە تىزىمغا ئالدۇرۇشلارنى ئوقۇغۇچىلار باشقارمىسى قىلىدۇ. فاكۇلتەت پەقەت دەرس ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەرسلا ئۆتۈپ بېرىدۇ. ئىمتىھاننى ئىمتىھان مەركىزى ئالىدۇ. ( بەزى پەنلەرنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىسنى مەكتەپ ئالماي شۇ شتاتلىق كەسپىي مىنىستىرلىك ئالىدۇ.) چەتئەلدە ئۆگىنىش، بىرەر شىركەتتە پراكتىكا قىلىش، ئائىلىسىدە كېسەل ۋە باشقا جىددىي ئوڭۇشسىزلىق بولۇش، توغۇتلۇق بوپ قېلىش سەۋەپلىرى تۈپەيلىدىن ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە بىر مەۋسۇم، كۆپ بولغاندا ئۇدا ئىككى مەۋسۇم دەم ئېلىشقا (دەم ئېلىش مەۋسۇمى) دېيىلدۇ. Urlaubsemesterئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. بۇ چەتئەلگە چىقىپ بىر ياكى ئىككى مەۋسۇم ئوقۇپ كېلىشنى گېرمانىيە ئۇنىۋېرستىتلىرى ئاكتىپ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن ئاسانلىق يارتىپ بېرىدۇ. چەتئەلدە ئوقۇش ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن كەسپىي جەھەتتىكى مېتودىكا ۋە كۆزىتىشنىڭ يېڭىلىنىشىلا ئەمەس،

بەلكى ئۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ چەتئەل تىلىنى پىششىقلىشىغا، مەدەنىيەت ئۆگىنىشىگە، تۇرمۇشتا مۇستەقىل بولۇشىغا، ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا ئارىلىشىشىغا، باشقىلارنى قوبۇل قىلىشى ۋە تىرىشچان بولۇشىغا تۈرتكە بولىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كۆپىنچە چەتئەلگە كەسپ تۆپەيلى ئەمەس، ئاشۇ كەسپتىن سىرتتىقى يۇقارقى ئامىللارنى دەپ بارىدۇ. ئوقۇغۇچىلار كۆپرەك فرانسىيىگە، ئەنگلىيىگە، ئامېرىكىغا بارىدۇ.

گېرمانىيىدە ئالىي مەكتەپلەر 7-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن 10-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغىچە يازلىق تەتىل قىلىدۇ. قىشتا 2-ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىن 4-ئاينىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە تەتىل قىلىدۇ. مىلادىيە ۋە يېڭى يىلدا يەنە ئىككى ھەپتە دەم ئېلىنىدۇ. لېكىن نۇرغۇن گېرمانىيىلىك ئوقۇغۇچىلار ئۇچۇن تەتىل دەرس ۋاقتىدىن كۆپ پەرق قىلمايدۇ.چۈنكى ئۇلار تەتىلدە ماقالە يېزىشلىرى، ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشلىرى كېرەك.(بەزى پەنلەردىن ئىمتىھان مەسۇم ئاخىرلاشقاندا ئېلىنماي، كېلەركى مەۋسۇمنىڭ بېشىدا ئېلىنىدۇ. ئىمتىھان ئېلىنماي ماقالە يېزىلىدىغان پەنلەرنىڭ كۆپىنچىلىرىدە ماقالە تەتىلدە يېزىلىپ كېلەركى مەۋسۇمنىڭ بېشىغىچە تاپشۇرۇلىدۇ.)
ئەنگلىيىدە يازلىق تەتىل ئومۇمەن 5-ئاينىڭ ئاخىرىدىن 9-ئايغىچە بولىدۇ. مىلادىيە، يېڭى يىلدا ۋە تىرىلىش بايرىمىدا ئىككى ھەپتىدىن قويۇپ بېرىلىدۇ.

ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئالغاندا، گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيە ئوتتۇرا-باشلانغۇچلىرى ھەقسىز.(لېكىن گېرمانىيىدە يەسلىگە پۇل ئالىدۇ.) ئەنگلىيىدە باشلانغۇچتا كىتاپتىن سىرت دەپتەر، قەلەم، قەلەم كۇتىسى دېگەنلەرمۇ ھەقسىز بېرىلىدۇ. ئوتتۇرا مەكتەپكە چىققاندىن كېيىن دەپتەر، قەلەمنى ئۆزى ئەكىلىدۇ، كىتاپ-ماتېرىياللار ھەقسىز.
ئەنگلىيىدە چۈشلۈك تاماق ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپتە ئەگەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا-

ئانسىنىڭ(ھەر بىرسىنىڭ) يىللىق كىرىمى 16000 فونتستېرلىڭدىن ئاشمىسا ھەقسىز بولىدۇ.ئاشسا پۇل تۆلەيدۇ. گېرمانىيىدە ھەقسىز ئەمەس.

ئەنگلىيىدە ئوتتۇر-ئاباشلانغۇچتىكى باللارنىڭ ئائىلە تۇرمۇشى ناچار بولسا ھۆكۈمەت ھەپتىسىگە30 فونددىستېرلىڭ دىن ياردەم پۇل بېرىدۇ. ئەگەر باللىسى بولۇپ ( ئەنگلىيە ، گېرمانىيەلەردە بولۇپمۇ ئەنگلىيىدە 18 ياشتىن بۇرۇن تۇغۇپ قويۇش ئەھۋالى ئېغىر، بەزىلىر ھەتتا 14 ياشتىلا تۇغۇپ قويىدۇ.) ھەم مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇماقچى ، بىرەر كەسىپنى ئۆگەنمەكچى بولسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئانىنىڭ باللىغا قارىيالمىغان ۋاقتى ئۈچۈن ھەپتىسىگە 145فونددىستېرلىڭ ياردەم قىلىدۇ. بۇ باللىغا قاراش ھەققى، ئانىنىڭ باللىسىنى يوقلاشقا كەتكەن يول كىراسى ۋە ئانىنىڭ كەسپىي تەربىيلىنىش ھەققى قاتالىقلارنى زو ئىچىگە ئالىدۇ.

مەيلى گېرمانىيىدە ياكى ئەنگلىيىدە بولسۇن كىشىلەر بىلىم ئېلىش قانداقتۇ مەلۇم بىر سىنىپ ياكى ئىجتىمائىي گورۇپپىنىڭ ئەۋزەللىقى بولۇپ قالماسلىقى كېرەك.

جەمىيەتتىكى ھەر بىر ئادەمنىڭ بىلىم ئېلىشتىن تەڭ بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بار دەپ تونۇيدۇ. ئۇلارنىمڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇش پۇلى ئېلىشنى يولغاقويۇشى مائارىپ شەرت-شارائىتنى ياخشىلاشتىن سىرت يەنە باي ۋە كەمبەغەل ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئىقتىسادىي بېسىمنى تەڭشەشنى مەركەز قىلىدۇ.

گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرى گېرمانىيىلىك ۋە شۇنداقلا بارلىق چەتئەللىكلەرگە ھەقسىز بولۇپ كەلگەن. (چەتئەللىكلەرگە ھەقسىز بولۇشنى ئۇلار چەتئەلگە ئۇزۇن مۇددەتلىك مەبلەغ سالغانلىق دەپ قارايدۇ.) 2005-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنى فىدراتسيە قانۇن تۇرغۇزۇش ئورگىنى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئوقۇش پۇلى ئېلىشنى چەكلەش قانۇننى بىكار قىلدى. شۇ نىدىن باشلاپ ئوقۇش پۇلى ئېلىش باشلاندى ياكى CDU (Christliche پىلانلاندى. نۇۋەتتە ھازىرقى ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە

گېرمانىيە خرىستىيان دېمۇكراتلار Demokratische Union Deutschlands ئىتتىپاقى) كونترول قىلغان شتاتلاردا ئوقۇش ھەققى ئېلىش دەسلەپكى قەدەمدە باشلاندى. ئوقۇش ھەققى ئاۋۋال مۇددەتتىن ئۆزۈن ئوقۇغانلار ( بەلگىلەنگەن ئوقۇش ۋاقتىدىن 2 ياكى 3 مەۋسۇمدىن ئارتۇق ئوقۇغانلار) ۋە ئىككىنچى كەسپ ئوقۇغانلاردىن مەۋسۇمگە ئېلىندى. نۆۋەتتە مەۋسۇملۇق ئوقۇش پۇلى بۇ شتاتلاردا كېيىن بولغاندا 2007-يىلى قىشلىك مەۋسۇمدىن باشلاپ بىردەك 500 ياۋرو بولۇشى مۆلچەرلەنمەكتە. لېكىن SPD (Sozialdemokratische Partei Deutschlands - گېرمانىيە سوتسىيال دېمۇكراتلار پارتىيىسى) رەھبەرلىك قىلغان شتاتلار ئومۇمەن ئوقۇش پۇلى ئېلىشقا قارشى. لېكىن ھۆكۈمەت تەخمىنەن 2 مىليون ئوقۇغۇچىدىن يىللىقى ئېلىنىدىغان 2 مىليارد ياۋرو بىلەن گېرمانىيە ھوكۇمىتىنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە ئاجراتقان يىللىق 19 مىليارد ياۋرو خامچوتىنى قىسقارتمىغان ئاساستا ئوقۇ-ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاشنى كوزدە تۇتماقتا.

ئەگەر ئوقۇغۇچىلار ياكى ئۇلارنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇلار ئوقۇۋاتقان مەزگىلدىكى تۇرمۇش خىراجىتى ۋە ئوقۇش ھەققىنى كوترەلمىسە ھۆكۈمەت ياردەم قىلىدۇ.

بۇ خىل ياردەملەر Baf g (Bundesausbildungsf rderungsgesetz - فېدراتسىيە ئوقۇشنى تەشەببۇس قىلىش قانۇنى)، توۋەن ئوسۇملۇق قەرز ۋە باشقا ئوقۇشقا قا ئىلتىماس قىلغۇچى 30-ياشقا توشۇ Baf g ياردەم قىلىش فوندى ئارقىلىق بولىدۇ. شىتىن بۇرۇن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشنى باشلىغان گېرمانىيىلىك (چەتئەللىكلە ئۆچۈن ئايرىم )بولۇشى كېرەك، ۋە ئوقۇش نەتىجىلىرىنى 5-مەۋسۇمدىن باشلاپ قەرەلىدە بۇ ئورگانغا كورسىتىپ تۇرۇشى كېرەك. بۇ قانۇن بويىچە ئايلىق ياردەم يۇقىرى بولغاندا 333 ياۋرو بولىدۇ. بۇنىڭغا يەنە تۇرالغۇ ياردەم پۇلى قوشۇلۇپ ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىدا تۇردىغانلار 377 ياۋرو ، ئايرىم تۇردىغانلار 466 ياۋروغا ئېرىشىدۇ. بۇنىڭغا يەنە

قوشۇمچە ئىجارە ياردەم دەپ ئايلىقى 64 ياۋرو قوشۇپ بېرىلىدۇ ( ئەگەر تۇرالغۇ قوشۇمچە ھەققى-توك، سۇ، پار- قوشۇلۇپ ئايلىقى 133 ياۋرودىن يۇقىرى ئىجارىگە ئولتۇرغاندا.) ئەگەر ئۇزى شەخسىي سالامەتلىك سوغۇرتىسىغا قاتناشقان بولسا يەنە 55 تىن ئېرىشىدىغان يۇقىرى سومما ئايلىقى Baf ِg ياۋرو قوشۇپ بېرىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ 585 ياۋرو بولىدۇ. بۇ ياردەمنى كېسۋەتمەي تۇرۇپ دەسلەپكى 12 ئايدا ئوقۇشتىن سىرت يۇقىرى بولغاندا 4333.56 ياۋروغىچە كىرىم قىلىشقا بولىدۇ.شەخسىي مۇلكى 5200 ياۋرودىن ئاشمىسا بۇ ياردەمگە تەسىر يەتمەيدۇ. ئەر ياكى ئايالى، ياكى بالىسى ئۈچۈن بۇ سوممىا يەنە 1800 ياۋرو ئارتۇق بولىدۇ.

ھەقسىز ياردەم پۇل، 50% ئۇسۇمسىز قەرز. قىسقا مۇددەتتە ئوقۇشنى 50% Baf ِg تاماملىغانلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش نەتىجىسى ئالاھىدە ياخشى بولغانلاردىن بۇ قەرزنىڭ بىر قىسمى ياكى ھەممىسى كوتۇرۇۋېتىلىدۇ. ئوقۇش پۈتتۈرۈپلا توي قىلىپ مۇددەتتىن بۇرۇن ۋە بىر قېتىمدىلا تۆلىمەكچى بولسا بۇ قەرزدىن يەنە 50% گە قەدەر كوتۇرۇۋەتىلىدۇ. بىرىنچى قېتىملىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانىدىن ئوتەلمەسلىك، ئېغىر-ئاياغ بولۇش، بالىغا قاراش، ياكى ئاغرىق بولغان بولسا بۇ ياردەمنى يەنە ئۇزارتىش مۇمكىن. چەتئەلگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن بۇ ياردەم تېخىمۇ ئاسانراق بولىدۇ ۋە ئوقۇش پۇلى، سەپەر ھەققى يەنە قوشۇمچە تۇرمۇش پۇلى قوشۇپ بېرىلىشى مۇمكىن. قەرز ئالماقچى بولغانلار ئارلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن بولۇشى كېرەك. ئۇلار 12 -مەۋسۇمگە قەدەر قەرزگە ئىلتىماس قىلالايدۇ. قەرز سوممىسى ئايلىقىغا يۇقۇرىسى 300 ياۋرو دىن بولىدۇ. ۋاقتى توۋنى 3 ئايدىن 24 ئايغىچە بولىدۇ. قەرز ئېلىپ توت يىلدىن كېيىن بۇ قەرزلەرنى قايتۇرۇش باشلىنىدۇ. ئايلىقىغا 120 ياۋرودىن قايتۇرۇلىشى كېرەك.

ئەنگلىيىدە ئوقۇش پۇلى ئېلىنىدۇ. چەتئەللىكلەردىن (يەنى ياۋروپا ئىتتىپاقىدىكى

دۆلەتلەردىن سىرت دۆلەتلەردىن كەلگەنلەر) ئېلىنىدىغان ئوقۇش پۇلى 3-4 ھەسسە يۇقرى بولىدۇ. 2005-يىلى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش پۇلى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوقۇغۇچى بېشىغا(ئەينى ئەنگلىيىلىكلەرگە) 1175 فوندىستېرلىڭتىن توغرا كەلگەن. 2006-يىلى 1200 فوندىستېرلىڭتىن مۆلچەرلەنمەكتە. ھۆكۈمەت 2007- يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپلەرنىڭ يىللىقى يۇقرى بولغاندا 3000 فوندىستېرلىڭغىچە ئوقۇش پۇلى ئېلىشقا رۇخسەت قىلدى.

لېكىن بۇ ئوقۇش پۇلى ئېلىشنىڭ تۈرلۈك شەرتلىرى بار. ئەگەر ئوقۇغۇچى ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئاتا-ئانىسىغا بېقىنسا، ھەم ئائىلىسىنىڭ يىللىق كىرمى 22010 ياۋرودىن تۆۋەن بولسا ، ئۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايدۇ. ئەگەر ئائىلە كىرمى 22010 --33744 فوندىستېرلىڭ ئارلىقىدا بولسا بىر قىسمىنى تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ئائىلە كىرمى 32744 فوندىستېرلىڭتىن يۇقرى بولسا تولۇق تاپشۇرىدۇ. ئەگەر ئىقتىسادىي جەھەتتىن مۇستەقىل ئوقۇغۇچى بولسا، ھەم يىللىق كىرمى 10250 فوندىستېرلىڭتىن تۆۋەن بولسا ئوقۇش پۇلى تاپشۇرمايدۇ.

ئۇنىۋېرسىتېت ۋە باشقا ئورگانلار ھەر يىلى 300 مىليون فوندىستېرلىڭ قايتۇرۇلمايدىغان پۇل بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم بېرىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار قەرز ئېلىشقا بولىدۇ. 2005-2006 ئوقۇش يىللىرىدىكى ئەڭ يۇقرى قەرز سوممىسى:

ئۆيىدىن ئايرىلىپ ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن 4405 فوندىستېرلىڭ

ئۆيىدىن ئايرىلىپ لوندوندا ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن 6170 فوندىستېرلىڭ

ئۆيىدە يەتىپ ئوقۇيدىغانلار ئۈچۈن 3415فوندىستېرلىڭ

بۇ قەرزنىڭ 75% ئائىلە كىرمى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بارلىق ئوقۇغۇچىلار ئېرىشەلەيدۇ. 25%ئى بولسا شۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ياكى ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىغا

باغلىق بولىدۇ. باللىرى بار، مېيىپ ياكى ئالاھىدە كۇرسلارغا قاتناشقان ئوقۇغۇچىلارغا يەنە قوشۇمچە ياردەم بېرىلىدۇ. ئومۇمەن بۇ قەرزلەر تۆۋەن ئوسۇملۇق. ئوقۇغۇچىلار تا خىزمەتكە چىقىپ يىللىق كىرىمى 15000 فوندىستېرلىڭتىن ئاشقاندىن كېيىن ، بۇ قەرزلەرنى قايتۇرىدۇ. ئاشمىسا قايتۇرمايدۇ. ئەگەر ئۇ ئوقۇغۇچىنىڭ يىللىق كىرىمى ئوتتۇرىچە خىزمەت باشلانغان كىرىم نىبىتى 18000 فوندىستېرلىڭ نىڭ ئۈستىدە بولسا ھەپتىلىقى 5.19 فوندىستېرلىڭ قەرز قايتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇ ئوقۇغۇچى تۆۋەن ئىش كىرىم ئائىلىسى( يەنى يىللىق كىرىمى 12000 فوندىستېرلىڭتىن تۆۋەن بولغان ئائىلە) دىن بولسا، ئۇنداقتا يىللىقى 2125 فوندىستېرلىڭ ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ ۋە كېيىنمۇ بۇنى قايتۇرمايدۇ. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھوكۈمەتنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا بولغان ئوقۇش ياردىمى ئوقۇغۇچى بېشىغا يىللىقى 1000 فوندىستېرلىڭتىن توغرا كېلىدۇ.

3ـ سۇئال

غەربنىڭ فىلملەر ئۇرۇش ۋە تىنچلىق، زوراۋانلىق ۋە ھەققانىيەت، جىنسىيەت ۋە مۇھەببەت....تەملارغا بېرىپ چەتلىدۇ. مەيلى قايسى تەمدا بولمىسۇن، ھامىنى مۇھەببەت كورۈنۈشلىرى، سويۈشكەن ياكى باشقا كورۈنۈشلەر چىقىدۇ.

ئۇ راستىنلا شۇ چەتئەل جەمئىيىتىنىڭ رەئال تۇرمۇشىمۇسىز ئوز كوزىڭىز بىلەن كۆرگەنلەر ئاساسىدا غەرب جەمئىيىتىنىڭ ئەخلاق مەسىلىسى ھەققىدە توختىلىپ باققان بولسىڭىز.

سۆيۈشۈش (ئاشكارا سۆيۈشۈش ) غەربلىكلەر ئۈچۈن ئەخلاقى مەسلە ئەمەس. باغچىسىدا ياكى مىۇنىخنىنىڭ Tiergartenسۆيۈشۈشكىلا ئەمەس، بېرلىنىنىڭ دېگەن باغچىسىدا يازدا قىپ-يالىڭاچ ئاپتاپقا قاقلىنىپ Englishgarten

ياتقانلارغىمۇ ھىچكىم ھەيران قالمايدۇ. گېرمانىيىدە پاھىشىلەرنىڭ قانۇنىي ئورنى ئېتىراپ قىلىنىدۇ. پاھىشىلىك باشقا كەسىپلەرگە ئوخشاش مۇئامىلە قىلىنىدۇ ۋە قوغدىلىنىدۇ. ئۇلارمۇ باج تاپشۇرىدۇ ۋە كېيىن پېنسىيىگە چىقىدۇ. ئەگەر بىرەر خېرىدار دېيىشكەن بويىچە پۇل بەرمىسە پاھىشىلەر ئەرز قىلىشقا ھوقۇقلۇق. مەن بېرلىندا ساقچىلارنىڭ پاھىشە قىزلارنىڭ يېنىدا تىلەمچىلىك قىلىپ ئولتۇرغان پالەچ موماي( ئۇ چاقلىق ھارۋىدا ئىدى) نى كەتكۈزۈۋەتكەنلىكىنى كۆرگەن. پاھىشىلىك قانۇنىي، تىلەمچىلىك قىلىش قانۇنسىز. (چۈنكى پىرىنسىپ جەھەتتىن گېرمانىيىدە تىلەمچىلەر مەۋجۇت ئەمەس) (سېرىق) فىلىملەرنى ئۆن-سىن دۇكانلىرىدىن ئارىيەتكە ئېلىشقا، Pornoئەمەس) سېتىۋېلىشقا بولىدۇ. كەچ سائەت 8 دىن كېيىن بولۇپمۇ يېرىم كېچىدە بەزى قانالالاردا پاھىشىلەرنىڭ ئېلانلىرى بېرىلىپ تۇرىدۇ. تېلېۋىزوردا شەھۋانىي كورۇنۇشلەر چىقىپ تۇرىدۇ.لېكىن بۇ خىل فىلىملەر قويۇلۇشتىن بۇرۇن 18 ياشتىن تۆۋەنلەرنىڭ كۆرۈشى چەكلىنىدىغانلىقى ئەسكەرتىلىدۇ.

ئەنگلىيىدە يېقىندا ئوز ئويىدە ئولتۇرۇپ پاھىشىلىك تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا يول قويىدى. تېلېۋىزوردا پاھىشىلەرنىڭ ئېلانلىرى گېرمانىيىدەكىدەك كۆپ ۋە ئاشكارە ( قىپ-يالىڭاچ) ئەمەس. بەزى فىلىملەر قويۇلۇشتىن بۇرۇن " بۇ فىلىمدە قاتتىق تىل( يەنى ئەپسانە تىل)، زوراۋانلىق ۋە شەھۋانىي كورۇنۇشلەر بار. - strong language 16 ياشتىن تۆۋەن بولىغانلارنىڭ بۇ فىلىمنى كۆرۈشى چەكلىنىدۇ" دەپ ئەسكەرتىش بېرىلىدۇ.

بۇ دۆلەتلەردە ئوخشاش جىنىسلىقلارنىڭ توي قىلىشى قانۇنلۇق. ھەتتا يېقىندا ئەنگلىيىدە ئىككى كىچىك قىز (ئائىنىسىنىڭ ھاراقكەشلىكى تۈپەيلىدىن ئۆنى باللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا قابىلىيەتسىز دەپ قاراپ) بىئولوگىيىلىك دادىسىغا ئەمەس، ئائىنىسىنىڭ بۇرۇنقى ئايال جورىسىنىڭ خەۋەر ئېلىشىغا بۇيرۇپ بېرىلدى. ھەم ئۇ

ئانىسىنىڭ جورىسىنىڭ بۇ بالىلارغا قاراش مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارالدى.

گېرمانىيىدە ساقچىلار قەرەللىك چارلايدۇ. بازار مەيدانىدا بىرەرسى مەست بوپ قالسا ئويىگە كېتىشكە دەۋەت قىلىدۇ. ۋارقىراپ- جارقىرىغانلارنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. قوشنىسى كەچ سائەت 8:00 دىن كېيىن ۋاڭ-چۇڭ قىلسا ساقچى چاقىرىدىغان ئىش ئومۇمىيۈزلۈق. ئەنگلىيىدە بۇ ئەھۋالدا ساقچى چاقىرىلىسمۇ، لېكىن ساقچىلارنىڭ كېلىشىگە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ.

ئەنگلىيىدە بالىلار ھەددىن -زىيادە ئەركىن قويۇۋېتىلگەن. ئۇلار ھېچنىمىدىن تارتىنمايدۇ. يەنە خىمالىي ئىرلاندىيىدە 13ياشلىق بىر ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى سىنىڭ يۈزىگە سومكىسى بىلەن ئۇرغان. ئۇ ئوقۇتقۇچى ئەمدى بۇنداق قىلساڭ سېنى مەكتەپتىن سىرىتقا چۆرۈۋېتىمەن دېگەن. ئۇ ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچى نى "تەھدىت سالدى، تىللىدى" دەپ ئەرز قىلغان. نەتىجىدە سوت ئۇ 20 نەچچە يىللىق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچى سىغا خىزمىتىدىن توختۇتۇش جازاسى بەرگەن ۋە 500 فوندىستىرلىك جەرىمانە ئالغان.( بەلكى شۇ سەۋەپلىك ئەنگلىيىدە ئوتتۇرا- باشلانغۇچتا ئوقۇتقۇچى بولۇشنى خالايدىغانلار ئاز بولغاچقا، ئەنگلىيە ھوكۇمىتى جەنۇبىي ئافرىقا ۋە ئاۋستىرالىيىدىن كەلگەن ئوقۇتقۇچى لارنى ياللاپ ئىشلىتىدۇ. ۋە ئوتتۇرا باشلانغۇچتا ئوقۇتقۇچى بولىدىغانلارنى مەيلى چەتئەللىك بولسۇن ھەقسىز ئوقۇتىدۇ ۋە قەرىز بېرىپ تۇرىدۇ.)

نىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، يىلدا ئەنگلىيىدە BBC 100 :ئەنگلىيىدە ئوغرىلىق يامان. metroملىڭ لەپتوپ كومپيۇتېر (چامادان كومپيۇتېر) ئوغۇرلىنىدىكەن. ئۆتكەندە " گېزىتى"نىڭ دېيىشچە، ئۈچ بالا چېركاۋغا كىرىپ ئىبادەت قىلىۋاتقان ئاياللارنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ قاچقان. لېكىن باستىر ئىبادەتنى قويۇپ قويۇپ ئۇلارنى قوغلاپ تۇتتۇۋالغان. يەنە پوچتا ئىشەنچىسىز. ھە دىسە خەت-پوسۇلكىلار يۈتۈپ تۇرىدۇ.

پادىشاھلىق پوچتا مەسئۇلىيەتنى ئانچە ئۇستىگە ئېلىپ كەتمەيدۇ. ياكى ئۇلار بىلەن ئۇزۇنغا سۆزۈلغان دەۋا-دەستۇر قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. كىشىلەر ئاپتوماتىك ماشىنىدىن پۇل ئالغاندا قاتتىق ئېھتىيات قىلىدۇ. بىراۋنىڭ ھېساۋاتىدىن(تور ئارقىلىق) پۇل ئوغرىلايدىغان ئىشلار خېلى بار

نېمىسلار 18 ياشقا توشقان ھامان ئۆيدىن چىقىپ ئايرىم تۇرىدۇ. ھەتتا بەزى ئاتا-ئانىلار بالىلىرى 18 گە توشقان ھامان ئەمدى مۇستەقىل ئادەم بولدۇڭ، ئايرىم ياشا دەپ ئۇلارنى ئۆيلىرىدىن كوچۇرۇۋېتىدۇ.ئۆيدىن كۆچۈپ كەتكەندىن كېيىن چوڭلارنىڭ قېشىغا قايتىپ بېرىپ بىللە تۇرۇشنى ئۇلار نومۇسلۇق ئىش بىلىدۇ. مەسلەن.:

 دېگەن ئوقۇغۇچى ئوقۇشنى Michaelبېرلىندىكى ناخشىچىلار كۇلۇبىدا تۇرغان ۋاقتىمدا ئۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئۇ بىنادىن كۆچتى. شۇ ۋاقىتتا ئۇ سورىغانلارغا " ئاۋال ؟؟؟ مىلادىيە بايرىمنى چوڭلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆتكۈزۈپ بىر ئىككى ئاي ئارام ئېلىپ، ئاندىن بىر ئىش قىلىمەن" دېگەندى. ئۇنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى گېپىنىڭ ئۇرامدىن ئۇ چوڭلارنىڭ قېشىغا بېرىپ تۇرۇشنى مىلادىيە بايرىمنى بانا قىلىپ چۈشەندۈرگەندى.

نېمىس تىلى ئوقۇتقۇچى لىقى دەرسدە مۇئەللىم مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ، بىزدىن ئۇنىڭغا قارىتا ئىنكاسىمىزنى سورىدى:

ئانىتا دېگەن گېرمانىيىلىك قىز فرانسىيەدە بىر ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئاخىرىقى يىللىقىدىكى بالىلارغا نېمىس تىلىدىن دەرس بېرىپتۇ. ئۇ كەسىپنى ياخشى كۆرىدىكەن ھەم بۇ بالىلارغا ئامراق ئىكەن. بالىلار ئۇنىڭسىز ئىمتىھانغا ياخشى تەييارلىق قىلىشلىرى تەسكەن. لېكىن دەل ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتقان مەزگىلدە ئۇنىڭ ئانىسى جىددىي ئاغرىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىپتۇ. ئوگەي دادىسى بولسا جەنۇبىي گېرمانىيەدىكەن. (يەنى ئانىسىنىڭ يېنىدا ئەمسكەن.)

مۇئەللىمنىڭ سورىغان سۇئالى بولسا:" بۇ ئەھۋالدا ئانىتا ئۆيگە قايتىپ ئانىسغا

قارىشى كېرەكمۇ ياكى داۋاملىق باللارغا نېمىس تىلى تەكرار قىلىپ بېرىشى كېرەكمۇ؟" ( ئەگەر ئانىتا بۇ ۋاقىتتا مەكتەپتىن كەتسە ئۇ ئىشتىن ئايرىلىپ قالىدىكەن.) بۇ سۇئال ماڭا شۇنچە بىمەنە تۇيۇلدى. مەن ھەتتا "مەن ئوقۇتقۇچى نىڭ سۇئالىنى چۈشەنمىدىمۇ- قانداق؟ ئۇ نېمە دېمەكچى؟" دەپ ئويلىدىم. بىر روس قىز ۋە يەنە بىر نېمىس قىز "ئانىتا يەنىلا مەكتەپتە كېلىشى كېرەك، چۈنكى باللارنىڭ ئىمتىھانى ئۇلارنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن مۇھىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئانىتا بۇ ۋاقىتتا كەتسە، خىزمىتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن نەتىجە قازىنىش مۇھىم" دېدى. مەن بۇنىڭ ھېچ ئىككىلەنگۈچىلىكى يوق ئىشلىقىنى، ئانىتانىڭ دەرھال گېرمانىيىگە قايتىپ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش زۆرۈرلىقىنى، خىزمەتنى بولسا قانداقلا بولمىسۇن كېيىن يەنە تەپىۋالالايدىغانلىقىنى ئېيتتىم. ئوقۇتقۇچى بۇنىڭغىمۇ ھەيران بولمىدى ۋە ئوخشىمىغان مەدەنىيەتتىكىلەرنىڭ ئوخشاش مەسىلىگە بولغان مۇئامىلىسى ئوخشىمايدۇ" دېدى. شۇ چاغدا مەن ئۆزەمنىڭ يەنىلا ئالدىراقسانلىك قىلغانلىقىمنى ھېس قىلدىم. نېمىسلار ئۈچۈن ئانىتانىڭ ئۆيىگە قايتامسىلىقى قىلچە ھەيران قالارلىق ئەمەس. ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت مۇھىم. (بۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبى گېرمانىيىدە ھەممە ئادەم سالامەتلىك سۇغۇرتىسىغا قاتناشقان.ئاغرىق بولسا سوغۇرتا شىركىتى كوتۇرىدۇ. دوختۇرغا كورۇنگەندە، دوختۇرخانىغا بارغاندا پەقەت سوغۇرتا كارتىسىنى كورستىپ قويسىلا بولىدۇ. قالدى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دوختۇرخانا بىلەن سوغۇرتا شىركىتى سۆزلىشىۋالىدۇ. يەنە بىرى چوڭلار پېنسىيىگە چىقىپ ئۆزنىڭ ھالىدىن ئۆزى خەۋەر ئالالمىغۇدەك بولسا ساناتورىيىگە بارىدۇ. ئىقتىسادىي ياخشىلار چېركاۋنىڭ ياكى باشقا شەخسىي ساناتورىيەلەرگە بارىدۇ. ياخشى ئەمەسلىرى ھۆكۈمەتنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ساناتورىيىلىرگە بارىدۇ. بۇلارمۇ باللارنىڭ ئاتا-ئانىلىرىنىڭ ھالىدىن شەخسەن ئۆزلىرى خەۋەر ئالماسلىقىنىڭ سەۋەپلىرى. يەنە بىرى نېمىسلار كۆندىلىك خىزمەتكە خۇددى

ئۇرۇشقا ئوخشاش جىددىي مۇئامىلە قىلىدۇ.)

) ؟؟؟ 1997 دېگەن سان نېمىشقا 1997) Reinhard Sieder تارىخچى قىستۇرۇلىدىكىن؟ نىڭ قارىشىچە گېرمانىيە ياشلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيتى بار دەپ قارىمايدىكەن. ئاتا-ئانىغا قارىتا مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بولۇپمۇ قىزلاردا ناھايىتى تۆۋەن ئىكەن. بۈگۈنكى كۈندە گېرمانىيە ياكى ئاۋستىرىيىدە پەرزەنتلىك ۋە سۆيۈملۈك"ياخشى" قىز ئاپا ياكى دادىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى بولۇپ، ئۇ ئۇلار ئۈچۈن پەقەت قانۇندا بەلگىلەنگەن ئۇزۇن مۇددەتلىك ئاتا- ئانىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان ئەڭ ياخشى سوغۇرتا شىركىتى تېپىشقىلا تىرىشىدىكەن.

نېمىسلار گىتلىر ۋە ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىنى تىلغا ئېلىشتىن، مېھمان كەلگەندە ئۆيىدە پېۋا بولماسلىقتىن، چوڭلارنىڭ يېنىغا قايتىپ بېرىپ بىللە تۇرۇشتىن نومۇس قىلىدۇ.

مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە گېرمانىيە، ئەنگلىيىدە ئادەملەر باشقىلارنىڭ سەممىي ياكى سەممىي ئەمەسلىكىگە بەكرەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. بۇ غەرب جەمىيتىدىكى ئەخلاقى مىزاننىڭ ئەڭ مۇھىم ئۆلچىمى بولسا كېرەك. ئادەملەرنىڭ تاشقىي كورۈنىشى، شەخسىي تۇرمۇش ئادىتى، ئائىلە، خىزمەت، ئىقتىسادىي ئەھۋالى باشقىلارنىڭ قىزىقىدىغان ياكى باھا بېرىدىغان ئوبيكتى ئەمەس. لېكىن بۇ جەمىيەتتىكىلەر ھۆكۈمەت ئورۇندىكىلەرگە نىسبەتەن ئەخلاقىي جەھەتتىن بەك سەزگۈر. مەسلەن گېرمانىيەنىڭ سابىق Kantzleri ) Gerhard Schroeder (gehaght Shghode؟؟؟ بۇ قانداق ئەمەل؟ ۋەزىپىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن موسكۋادىكى بىر نېفىت شىركىتىدە ۋە شۋېتسارىيىدىكى يەنە بىر شىركەتتە ئىش تاپقان. بۇ توغرىلىق مارتىن لۇتىر

ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى تونۇشۇم ئولىۋېر " بۇ- ئەخلاقسىزلىق" دېدى. ئۇ ؟؟؟ "كانتىزلەر سىياسى سەھنىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن ئالدى-كەينىگە قارىماي پۇل تېپىشقا چۈشۈپ كەتتى. ئەلۋەتتە ئۇ ۋەزىپىگە ئولتۇرغان ۋاقىتتا بۇ شىركەتلەر بىلەن ئالاقىسى بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ئۇنىڭ خىزمەتتىكى ئەۋزەللىكىنى سۇيىستىمال قىلغانلىق. بۇ ئادەمنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ" دېدى.

نىڭ ئۇز 2006John Prescott-يىلى ئاپرېلدا ئەنگلىيە مۇئاۋىن باش مىنىستىرى بىلەن بولغان روماتىك كەچۈرمىشلىرى ھازىر Tracey Templeسابىق كاتىپى خىزمەتسىز بولغان ئۇ كاتىپ ئارقىلىق ئوتتۇرىغا يېيىلدى. گېزىتتە ھەتتا ئۇدا ئىككى ھەپتە دېگۈدەك بۇ توغرىلىق ئۇزۇلمەي خەۋەرلەر بېرىلدى. ئۇ خەۋەرلەردە مۇئاۋىن باش مىنىستىرنىڭ ئۇزنىڭ ئىشخانىسىدا، ئەنگلىيىلىكلەر ئالاھىدە چوڭ كۆرىدىغان ئۆتكەن ئەسىردىكى گېنىرال كرومۋېلنىڭ قاراپ تۇرغان ماي بوياق رەسمى ئالدىدا، ھۆكۈمەت ماشىنىنىڭ ئىچىدە ۋە خىزمەتگە قولايلىق Jaguarئىشلىرى ئۈچۈن ئاجرىتىلغان بولسۇن ئۈچۈن ھۆكۈمەت تەرەپتىن بېرىلگەن داچىسىدا خىزمەت ۋاقتىدا كاتىپى بىلەن ئەيش-ئىشرەت قىلغانلىقى يېزىلغان. لېكىن 4- مايدىكى كونسېرۋاتىپلار

نىڭ شەخسي تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولۇشى بىزنى John Prescotپارتىيسىدىكىلەر قىزىقتۇرمايدۇ. لېكىن مەسلە مۇئاۋىن باش مىنىستىر ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىنغان ھۆكۈمەت خىزمىتىنىڭ ھوددىسىدىن مۇۋەپپىقيەتلىك چىقالمىدى. ئۇزنىڭ نوپۇزىدىن پايدىلاندى. ھۆكۈمەت ماشىنىسىنى شەخسي كوڭۇل ئەچىشقا ئىشلەتتى، ئۇزى

( شەخسي ئويلەردىن ئېلىنىدىغان باج) قا مەسئۇل بولۇپ تۇرۇپ، Council tax 1997-يىلدىن ھازىرغىچە ئۇزنىڭ ئۈچ ئويىگە بۇ باجنى تۆلىمدى، دەپ ئەيىپلىدى.

شەھرىدىكى بىر ساقچى ئۇزنىڭ خىزمەت ۋاقتىدا بىر ئايال بىلەن Glazgowيەنە جىنسي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى ئۈچۈن خىزمىتىدىن بوشىتىلىپ، سوتقا تارتىلىپ

جازالانغانلىقنى، بۇ دېموكراتىك دۆلەتتە قانۇن ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش مۇ ئوخشاشلا سوتقا تارتىلىشى ھەتتا John Prescottئىكەنلىكىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن قا ( ئۇنىڭ مەسئۇلىيىتىنىڭ مۇھىملىقىنى چىقىش قىلىپ) تېخىمۇ John Prescot قاتتىق جازا بېرىش كېرەكلىكىنى تەلەپ قىلدى.

## 4ـسوئال

## غەرب ئەللىرىدە تەرتىپ دېگەن تەمدا توختىلىپ باقىقان بولسىڭىز، يەنى، كىشلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى يۈرۈش-تۇرۇشلىرى...

گېرمانىيىدە كوچىغا تۈكۈرگىلى بولمايدۇ. قىزىل چىراقتا ئادەملەرلا ئەمەس، ئىتلارمۇ ئاپتوماتىك توختايدۇ. (گەرچە يولدا ماشىنا بولمىسىمۇ.) ئاز بىر قىسىم چەتئەللىكلەر بەزىدە رىئايە قىلمىسمۇ لېكىن ئەتراپتىكى نېمىسلارنىڭ كۆزنىڭ قۇيرىقىدا ئەيىپلەش بىلەن قارىشىغا چىداشقا توغرا كېلىدۇ. ئىت يېتىلەپ چىققانلار يەنە ئىتنىڭ پوقىنى ئالدىغانغا خالتا ئېلىپ يۈرۈيدۇ. ۋە ئىتنىڭ پوقىنى ئېلىپ ئايرىم ئەخلەت ساندۇقىغا تاشلايدۇ. ئوچرەتتە ئارلىق ساقلاپ تۇرۇش لازىم. يېقىن تۇرۇۋېلىش ئەدەپسىزلىك. يەنى مۇلازىمەت پونكىتىگە ياكى تەكچىگە كامىدا ئىككى مېتىر نېرىدا ئۆچرەتتە تۇرۇش لازىم.ئىشخانىلارغا ئىش بىجىرىشكە كىرگەندە چوقۇم ئىشىك چېكىش زۆرۈر، كىرگەندىن كېيىن قائىدىلىك سالام-سائەت قىلىش كېرەك. ھېچكىم سالام-سائەت قىلماستىن گەپ باشلىمايدۇ. ئورە تۇرۇپ گەپ باشلاش ئەدەپسىزلىك. كوچا ئاپتوبۇس، ترامۋايلاردا چوڭلارغا ، ئاياللارغا ئورۇن بوشتىپ بېرىش ئەقەللىي بىرئىش.

ئەنگلىيە بىر ئاز تەرتىپسىز. ئادەملەر يۇقارقى جەھەتلەردىن ئانچە ئېتىبار قىلىپ

كەتمەيدۇ. لېكىن ئىنگلىزلار خۇشخۇيراق كېلىدۇ. ئۆتكەندە گوللاندىيەدىن كەلگەن (كەچۈرسىز) دەپلا ئىش sorry (رەھمەت سىزگە)، thank youتونۇشۇم " ئىنگلىزلار قىلامدىكەن" دېدى. مۇلازىمەت ئورۇنلىرىدا ئىنگلىزلارنىڭ ئىش ئۇنۇمى تۆۋەن. مەسئۇلىيەت دائىرىسى نېمىسلارنىڭكىدەك ئېنىق ئەمەس.

( قاۋاقخانا) ئىنگلىزلارنىڭ ئىككىنچى ئۆيى. ئىچىشكە كەلسە ئىنگلىزلار Pub ياۋروپادا بىرىنچى. "مېترو گېزىتى"دىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا ئىنگلىزلار ھەر قېتىم ( بىر پىنت تەخمىنەن 500 مىللىگرام) پىۋا Pintقاۋاقخانىغا كىرگەندە تەخمىنەن 2.1 ئىچىدىكەن. نېمىسلار بولسا 1.9 پىنت. ئەنگلىيەدە قاۋاقخانىدا ئولتۇرۇپ پىۋا ئىچكەچ تەنتەربىيە مۇسابىقىلىرىنى كۆرۈش ئەۋج ئالغان.

## 5ـ سۇئال

سىز كۆرگەن دۆلەتتە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىشتىن بوشىتىش ئىشلىرى قانداق؟

مەيلى گېرمانىيە ياكى ئەنگلىيەدە بولسۇن ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۆزى ئىزدەپ خىزمەت تاپىدۇ. خىزمەت تاپالمىسا ئەمگەك ئىدارىسىغا بېرىپ ئەنگە ئالدۇردۇ. ئاندىن ھۆكۈمەتتىن نەپىقە پۇلى ئالىدۇ. ( بۇ نەپىقە ئۆي ئىجارىسى، سالامەتلىك سۇغۇرتىسى، يەنە تۇرمۇش پۇلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.ئەنگلىيەدە داۋالىنىش ھەقسىز بولغاچقا سالامەتلىك سوغۇرتىسى بولمايدۇ.) ئاندىن ئەمگەك ئىدارىسى شۇ ئادەمنىڭ كەسپى، قابىلىيىتىگە يارىشا خىزمەت تونۇشتۇرىدۇ. خالىمىسا ياكى خىزمەت بولمىسا ئەمگەك ئىدارىسى ئۇلارنى مەلۇم بىر كەسىپ، تەخنىكا ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ ۋە بۇنىڭ چىقىملىرىنى كوتۇرىدۇ. بۇلارنىمۇ خالىمىسا نەپىقە پۇلىنى قىسىدۇ.

گېرمانىيەدە ئىشقا ئېلىش ۋە ئىشتىن بوشىتىش ئەنگلىيىگە قارىغاندا نىسبەتەن تۇراغلىق. ئەنگلىيەدە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە ئىشتىن بوشىتىلىش نىسبەتەن يۇقىرى، بۇ ئامېرىكىنىڭ "hire and fire" (ئىشقا ئېلىش ۋە بوشىتىش) مەدەنىيىتىگە يېقىنلىشىدۇ. لېكىن ھېچ سەۋەپسىز ياكى پەقەتلا خوجايىنغا ياقمىغانلىقى سەۋەپلىك ئىشتىن بوشىتىشمۇ ئاقمايدۇ. ئەنگلىيەدە خىزمەتچىلەرنىڭ خوجايىنىڭ ئىشتىن بوشىتىش توغرىلىق ئەرزلەر كۆپ. ئېغىر ئاياغ ئاياللارنى ئىشتىن بوشىتىشمۇ كورۇنەرلىك. ئەپسۇسكى بۇلار ماجراغا سەۋەپ بولىدۇ. ئەنگلىيە قانۇنىي بويىچە ئاياللارنى ئېغىر ئاياغ بولۇش سەۋەبىدىن ئىشتىن بوشىتىشقا بولمايدۇ. شۇڭا ئېغىر ئاياغ ئاياللار ئىشتىن بوشىتىلغاندىن كېيىن سوتقا ئەرز قىلىدۇ ۋە يۇقىرى تۆلەم ئۇندۇرۇۋالىدۇ.

گېرمانىيە ۋە ئەنگلىيەدە باج بىر قەدەر يۇقىرى. ياش، توي قىلمىغان ئادەمنىڭ تاپشۇرىدىغان بېجى 40 نەچچە پىرسەنتكە يەتىدۇ. شوڭا ئىش ھەققى توۋەن بولغان ئادەملەر بەزىدە ئىشلەشتىن توختىۋالىدۇ.( ئىشلىگەندە ھەممە چىقىمنى ئوزى كوتۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. شوڭا ئىش ھەققى توۋەن بولسا ئۇنىڭدىن قولغا ئاشىدىغىنى ئىشلىمەي ھۆكۈمەتتىن ئالىدىغان ياردەمدىن توۋەن بولىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ.) بۇ ئەھۋاللار كۆچمەنلەردە بىر قەدەر ئېغىر. مەسلەن،2006-يىلى 2-ئايدىكى "مېترو گېزىتى"دە دېيىلىشچە، تېرورچىلىققا قوتراتقۇلۇق قىلدى دەپ ئەيىپلەنگەن لوندون مەسچىتىنىڭ سابىق ئىمامى ئەبۇ ھەمزەنىڭ ( بۇ كىشىنىڭ بىر كوزى Finsbury Park قارىغۇ، قولى چولاق) 7 بالىسى بارئىكەن. ھېچكىم ئىشلىمەيدىكەن. ھۆكۈمەتتىن ئېيىغا 2000 فوندىستېرلىڭ نەپىقە ئالىدىكەن. 700 مىڭ فوندىستېرلىڭلىق 6 ئېغىز ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن. (ئەبۇھەمزەنىڭ ئۆيى ئۇنىڭ بىر تام قوشنىسى - ئەمگەك مىنىستىرىنىڭ ئۆيىدىن چوڭكەن.) يەنە گېرمانىيە كۆلن شەھرىدىكى تۈرك تونۇشۇممۇ گېرمانىيىگە كەلگىلى 22 يىل بوپتۇ. لېكىن ئۇ ئايالى ۋە ئۈچ بالىسى بىلەن ئىشلىمەي، ھۆكۈمەتنىڭ

نەپقىسى بىلەن ياشايدۇ. ئاندىن خەقلەرنىڭ ماشىنىسى بىلەن كىراكەشلىك قىلىدۇ. ( گېرمانىيىدە ئىشلىمەي، ھۆكۈمەتتىن نەپىقە ئالسا ئۆزىنىڭ ماشىنىسى بولۇشقا يول قويمايدۇ. شۇڭا بۇنداقلار خەقنىڭ نامىدا ماشىنا ئالىدۇ ياكى خەقنىڭكىنى ھەيدەيدۇ.)

(تۇۋەندىكى تارماق سۇئاللارغا مەن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تەپسىلىي جاۋابنى ئەۋەتەي.)

## 6-سۇئال

## ھەر قايسى دۆلەت، مىللەت كىشىلىرىنىڭ شۇ تويقا بىر قەدەر ئورتاق بولغان ئۆزىگە خاس مىجەز- شۇ لقلىرى ھەققىدە سۆزلەپ باقامسىز ؟

رىمنى ئايلىنىپ يۈرگەندە بىز نەچچە رەت ئادەملەرنىڭ بىر بىرسىنى تۇۋلىشىپ چاقىرىپ يۈرگەنلىقىنى ئاڭلىدۇق. ئاكام "بۇلار بىزگە ئوخشايدىكەن" دېدى. بىز يەنە "بۇ تىل بىز ئۆگىنىدىغان تىلكەن" دېيىشتۇق. ئىتالىيانلار ئۆپكىسىنى تولدۇرۇپ، ئېغىزىنى تولۇق ئېچىپ جاراڭلىك گەپ قىلىدىكەن. سۆزلىرى ئاساسەن ئوچۇق بوغۇم بىلەن ئاخىرلىشىدىكەن. بۇخىل ئاھاڭدارلىق ئۇ تىلنى ئۇرغۇلۇق، جانلىك، لەرزان ھېس قىلدۇردىكەن. ئىتالىيانلار قىزغىن. ھېسياتقا باي خەلق. ئۇلارنىڭ بولكىسى، پىززا، (لەغمەنگە ئوخشاپ كېتىدىغان تاماق)لىرى بىزنىڭ ئىشتىھايىمىزغا ماس pasta كېلىدۇ. مادوننا ئىتالىيانلارنى "ئەرلىرى ئەڭ جەلپكار، ئەرلىك خاسلىقى كۈچلۈك خەلق" دەپ تەرىپلەيدۇ. ئاغىنەم لارس "ئۇلار يىغىن ئاچسا ھەركىم ئۆزى بىلگىنىچە قايناپدۇ. ھەممىسى ئۆزىنىڭكىنىلا سۆزلەپ، ئورتاق بىر خۇلاسە چىقىرىلمايىلا تارقاپ كېتىدۇ. لېكىن ئۇلار شۇنداقتىمۇ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ئۈتۈق قازانغان" دەيدۇ.

نېمسلار ئېغىر، سالقىن. گېرمانىيە ئىشخانىلىرىدا ئادەتتە مۇقىم چۈشلۈك دەم ئېلىش (قەھۋە ۋاقتى) بولىدۇ. Koffepauseبولمايدۇ. قىسقىغىنا، كۆپ بولغاندا يېرىم سائەت كۆپىنچە ھاللاردا شىركەتنىڭ ئاشخانىسىدىلا ( ئومۇمەن ھەممە ئىدارە-ئورگاننىڭ ئىشخانىلىرىدا چاققان ئاشخانا بولىدۇ.) قەھۋە قاينىتىپ ئۆيلىرىدىن ئەكەلگەن ساندۋىچ بولكىسىنى يەپ ئىشلەيدۇ گېرمانىيىدە نۇرغۇن شىركەت ۋە بانكا، پوچتا، چەتئەللىكلەر ئىدارىسى قاتارلىق ئورۇنلار سائەت يەتتىدە ئىشقا چۈشىدۇ. دۈشەنبە ۋە چارشەنبە چۈشتىن كېيىن سائەت ئۈچكىچە ئىشلەيدۇ. جۈمە كۈنى يېرىم كۈن ئىشلەيدۇ. ئىش بېجىرىش ئۈچۈن ئەڭ ياخشىسى سەيشەنبە ۋە پەيشەنبە كۈنى بېرىش كېرەك. بۇ كۈندە ئۇلار كەچ سائەت 6 ياكى 7 گە قەدەر ئىشلەيدۇ.

نېمىسلار كۇلۇبلارنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلاردا ئوۋچىلىق كۇلۇبى، كۇلۋاقچىلار كۇلۇبى، (ئەخلەت junk foodموتوسكىلتچىلار كۇلۇبى، ئىت-موشۈكلەرنى قوغداش كۇلۇبى، قاتارلىق ئامېرىكىچە تېز تاماقنى Mc Donalds, KFC, Burger Kingتاماق، بۇ كورستىدۇ) قا قارشى تۇرۇش كۇلۇبىغا ئوخشاش كۇلۇبلار نۇرغۇن. ئېھتىمال ھەر بىر كەسىپ ۋە ئىشلارنىڭ ئوز ئالدىغا كۇلۇبلىرى بار. بۇ كۇلۇبلاردىن ھۆكۈمەت باج ئالمايدۇ. ئوخشاش قىزىقىشتىكى ئادەملەر كۇلۇبقا قاتنىشىپ قەرەللىق يىغىلىپ، پائالىيەت ئويۇشتۇرىدۇ. ۋئولت دېگەن قىزنىڭ دېيىشىچە بۇنداق كۇلۇبقا قاتنىشىش گېرمانىيەنىڭ شىمالىدىكى روستوك شەھىردە تېخىمۇ ئومۇملاشقانىكەن. ئۇ يەردە ئادەملەر (بولۇپمۇ ئەرلەر) بىرەر كۇلۇبنىڭ ئەزاسى بولمىسا، خەقلەر كۆزگە ئىلمايمىش. ئۇنىۋېرستىت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۇلۇبلىرى ناھايىتى كۈچلۈك ئەنئەنىگە ئىگە. شەخسەن ( ھاللى شەھىرى Saengerschaft Fridericiana Halleمەنمۇ گېرمانىيىدە fghideghitsyana ناخشىچىلار كۇلۇبى)، Saenegrschaft Borussia

( بېرلىن پرۇسىيە ناخسچىلار كۇلۇبى) دېگەن ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبىنىڭ ۋە Berlin (يۇمۇلاق جوزا) كۇلۇبى 212- رايوننىڭ ئەزاسى. Round Tableگېرمانىيە ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۇدەك 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمدا قۇرۇلغان.

شۋېتلار تېخمۇ سالقىن . ئەستايىدىل خەلق. بۇنى ئۇلارنىڭ كەڭ، ئازادە، مۇستەھكەم ماشىنىنى Volvo ماركىلىق ماشىنىسىدىن ( نېمىسلار Volvoشەھەر قۇرۇلىشىدىن، دېگەن خەلقارادىكى ئەڭ چوڭ ئويى Ikeaخشۋېتلارنىڭ تانكىسى دەيدۇ.) ۋە جاھازىلىرى شىركىتىنىڭ دۇكانلىرىنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ھېس قىلىشقا بولىدۇ. مەن شۋېتسىيىگە بېرىشتىن ئىلگىرى ئاغىنەم لارس شۋېتلارنىڭ سوغۇقلىقىنى، ئەگەر ئۇلار ماڭا قىزغىن مۇئامىلە قىلمىسا خاپا بولۇپ كەتمەسلىكىمنى ئەسكەرتتى. ئۇنىڭ شەھرىدە ياشىغانكەن. ئۇ ئايال شۋېتلارنىڭ G_teburg ھاممىسى شۋېتسىيىنىڭ سوغۇقلىقىغا چىدىماي گېرمانىيىگە قايتىپ كەلگەنمىش. مەن شۇ چاغدا نېمىسلاردىنمۇ سوغۇق قانداق خەلقتۇ شۋېتلار، دەپ ئويلىغان. مەن ستوكھولمغا بارغاندا ئۇنچە سوغۇق مۇئامىلىگە ئۇچرىمىدىم (كامىدا پارىژدىكىدەك.) ئومۇمەن گېرمانىيە ۋە شىمالىي ياۋروپا خەلقلىرىنىڭ سوغۇققان بولۇشى ئۇلارنىڭ ھاۋا كېلىماتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بولۇپمۇ شىمالىي ياۋروپادا ھاۋا سوغۇق، كۈن بويى تۇتۇق، قىش ئۇزۇن بولغاچقا ئادەملەر ئېغىر، مىسكىن كورۈندۇ. بەلكى شۇ سەۋەپلىك نورۋېگىيىلىكلەرنى "ياۋروپانىڭ ھاراقكىشى" دەيدىغان گەپ بار. ( ھاۋا سوغۇق، تۇتۇق بولغاچقا ئادەملەر قەھۋە بىلەن ۋىسكىي ئىچىپ ئۆزىنى ئىسسىق تۇتۇشقا ۋە كەيپىيات كوتۇرۇشكە ئادەتلەنگەن.)

فرانسۇزلار تاماق بىلەن ئاياللار گوزەللىكىدىن ھوزۇرلىنىشنى بىلىدۇ. بۇ جەھەتتە ئىنگلىزلارمۇ ، نېمىسلارمۇ ئۇلارغا ھەۋەس قىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ھاكاۋۇر (بولۇپمۇ تىل ۋە

مەدەنىيەت ئۆزگىچىلىقى جەھەتتىن.) ئاغىنەم لارسنىڭ دېيىشىچە فرانسۇزلار ئىش ھەققىنىڭ 20% نى چۈشلۈك تاماققا سەرپ قىلارمىش. بۇ جەزمەن شۇنداق بولۇشى ناتايىن ، لېكىن بۇنىڭدىن فرانسۇزلارنىڭ چۈشلۈك تاماققا قانچىلىك ئېتىبار بېرىدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار چۈشتە رېستۇرانغا كىرىپ تاماقتىن كېيىن، ئىرىمچىك بىلەن ۋىنو ئىچىپ پەيزىنى سۈرىدۇ. لوندوندا بىر فرانسۇز ماڭا " ئەگەر (بوتۇلكا ئاچقۇچ) دېگەن tire- bouchungفرانسۇزچە ئۆگەنمەكچى بولساڭ ئاۋال Lafayetسۆزنى ئوگىنىشىڭ كېرەك" دېدى. پارىژنىڭ داڭلىق سودا-سارىيى بولغان Galarie دا بىر بوتۇلكا ۋىنو ھەتتا 8000 ياۋروغا توختايدۇ. ئاغىنەم لارس " باشقا دۆلەتتە ۋىنونى دېھقانلار ياسىسا ، فرانسىيدە بولسا پروفسورلار ياسايدۇ" دەيدۇ. ئىنگلىزلار تەرتىپسىز. بۇ تەرتىپسىزلىك ئىنگلىز تىلىنىڭ ماكان (يەنە يۆنىلىش) تۇيغۇسىنىڭ ئاجىزلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنى ئۇلارنىڭ كوچا، ئىشخانىلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىدىن، دوختۇرخانا جىددىي قۇتقۇزۇش بولۇمى ياكى يەرلىك كېسەل كۆرۈش ئورۇنلىرىدىكى ئىشخانىلارنىڭ ئۇرۇش دەۋرىنى ئەسلىتىدىغان رەتسىز، قالايمىقانلىقىدىن، لىپاپىنىڭ ئادرىس كوزنىكى ( ئادەتتە خەتلەر كومپيۇتېردا يېزىلىدىغان بولغاچقا، ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئىسمنى خەتنىڭ بېشىغا يازىدۇ. لىپاپىنىڭ ئۇ ئادرىس توغرا كېلىدىغان يەرى يالتىراق بىلەن قاپلاپ قويۇلىدۇ. بۇنىڭدا لىپاپىغا ئاتايىن ئادرىس يېزىش ئاۋارچىلىقىدىن قۇتۇلىدۇ.) گە توغرا كەلمەيدىغان خەت قاتلاشتىن ( چۇنكى 60% خەتلەر توغرا قاتلانمىغان ياكى خەتتىكى ئادرىس بەك يۇقىرى يېزىلغان بولغاچقا ئىسىم يېزىلغان بىرىنچى قۇرنى كۆرگىلى بولماي لىپاپىنى يىرتىشقا توغرا كېلىدۇ.)، ھە دېگەندە پوچتا ساندۇقى بولماي خەتنى ئىشىك يوچۇقىدىن ئۆيگە تاشلاشتىن، ئەخلەتنى كوچىغا تۆكۈشتىن كۆرگىلى بولىدۇ. ئۇلار ئىشنىڭ جەريانىغا ئانچە ئېتىبار بەرمەيدۇ. سودا جەھەتتىن ئېيتقاندا ئۇلار دەل ياپونلۇقلارنىڭ ئەكسىچە

تەۋەككۇلچىلىق روھىغا ئىگە، تېز ئۈنۈمنى قوغلىشىدۇ، قىسقا مۇدەتلىك مەبلەغ سالىدۇ. ئەنگلىيىدە سائەت 9 دا ئىشقا چۈشىدۇ. ئىنگلىزلار چۈشتە كۆپۈنچە junk food يەيدۇ. ئىنگلىزلار بەلكى مەن كۆرگەن خەلقلەر ئىچىدە ئەڭ ناچار تاماق يەيدىغانلاردۇر. ناشتىغا قورۇلغان تۇخۇم، پەمدۇر قىيامىغا چىلانغان پۇرچاق، bacon ( سۇرلەنگەن، مايلىق چوشقا گوشى ياپراقچىسى) ۋە ياغيۇ قەلەمچىسى يەيدۇ. بۇ ئەنگلىيەدىكى بىردىن بىر ئىنگلىزچە تاماق. ئىنگلىزلار ۋىئوكتورىئان دەۋرنىڭ ئۇلۇغ شەۋكىتىنى داۋاملىق چۈشەپ ئۆزلىرىنى يەنىلا موتىۋەر ھېسابلايدۇ.(بۇنىڭغا نېمىسلار، فرانسۇزلار ئىچىدە كۈلىدۇ.) ئىنگلىز قانىلىنىڭ ئۇ قېتىدىكى 30 مىل يىراقلىقتىكى ياۋروپانى ئامېرىكىدىنمۇ يىراق ۋە يات سېزىدۇ. ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە ئارلىق ساقلاش (تۆۋەن باھالاش) كۆرۈنەرلىك. يەنى يولدا كېتىۋاتقان بىر underestimationۋە ئايالنى باشقا ئادەملەر "ئاجايىپ گوزەلكەن" دېسە، ئىنگلىز موتىۋەرلىرى "يامان دېگىلى بولمايدىكەن" دەيدۇ.

## 8- سوئال

سىزنىڭمۇ مانا مۇشۇنداق ھەم قىزىقارلىق ھەم كىشىنى چوڭقۇر ئويلارغا سالىدىغان سالاھىيەت تونۇشتۇرۇش سەرگۈزەشتىلىرىڭىز بولۇپ ئۆتكەنمۇ دەيمەن بۇلار ھەققىدە توختالسىڭىز ؟

مەن ئۆز سالاھىيتىم، مىللىتىم ھەققىدە باشقىلارغا ئۈچ يىل چۈشەندۇرگەن. گەپنى نەدىن باشلاپ نەگە چۈشۈرۈشىمۇ، قايسى سۆزنى ئىشلەتمەي قايسى سۆزنى ئىشلىتىشىمۇ يادا بوپ كەتكەن. بۇ كۆپلىگەن ئۇيغۇرلار ئۈچۈن ئورتاق. كېيىن ھېس قىلىشىمچە خەق سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى ياكى مۇنداقچە ئېيتقاندا، نەدىن كەلگەنلىكىڭىزنى سىز بىلەن

كۆرۈشكەندە خالىغانچە تونۇشلۇق بېرىش يۈزىسىدىنلا سوراپ قويىدىكەن. سىزنىڭ جاۋابىڭىز ئۇلار ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز. ئۇلار بۇنىڭغا قىزىقمايدۇ.

ئۆتكەندە غەربىي لوندوندا بىر رىستۇراندا ئىشلەيدىغان قوشنام (سلوۋاكىيىلىك قىز لۇسىيە) دىن بىر ئىنگلىز: "سەن بىرازىلىيىلىكمۇ؟" دەپ سوراپتۇ. لۇسىيە:" بىرازىلىيىلىك ئەمەس، سلوۋاكىيىلىك" دەپتۇ. لېكىن ئۇ ئىنگلىز:" بۇلار ئاساسەن ئوخشاش" دەپتۇ. لۇسىيە بۇنى ماڭا دەپ بەرگەندە : " نۇرغۇن ئىنگلىزلار ئەقەللىي جۇغراپىيىلىك ساۋاتلاردىنمۇ خەۋەرسىز. قانداقسىگە بىرازىلىيىلىك بولۇش بىلەن سلوۋاك بولۇش ئوخشاش بولسۇن؟" دېدى. ياۋروپالىقلارلا ئەمەس، ھەتتا بىر قىسىم تۈركلەرمۇ ئۇيغۇرلاردىن خەۋەرسىز. "بىز ئەسكى تۈرك" (قەدىمىي تۈرك ) دىسىڭىز، "تۈركمەنىستاندىن، قازاقىستاندىن ياكى ئۆزبەكىستاندىن كەلدىڭمۇ؟" دەپ سورايدۇ. سىزجۇڭگو شىنجاڭدىن كەلگەنلىكىڭىزنى دېسىڭىز، ئۇلارغا بۇ غەلىتە تۇيۇلىدۇ. شۇڭا كېيىنچە تونۇر كاۋاپ ئالغىلى تۈركلەرنىڭ دۇكىنىغا كىرسەممۇ ئۇلارغا چۈشەندۈرۈپ كەتمەيدىغان بولدۇم. ئۇلار راستىنلا قىزىقسا سىزدىن ئىنچىكىرلەپ سورايدۇ. ئاندىن ئەستايىدىل چۈشەندۈرۈپ بەرسىڭىزمۇ ئۈلگۈرىسىز. لېكىن تونۇر كاۋاپ ساتىدىغانلارنىڭ يەنە كۆپلىرى تۈركىيىدىن كەلگەن كوردلار. سىز ئۇلارغا ئۆزىڭىزنىڭ ئەسكى تۈركلەردىن ئىكەنلىكىڭىزنى پەخىرلىنىپ سۆزلەپ بەرگىنىڭىز بىلەن، ئۇلارنىڭ ئۆچمەنلىكىنى قوزغاپ قويىسىز. شۇڭا تۈركچە سۆزلىگەنلەرنى كۆرگەندە دىققەت قىلىش كېرەك، زادى تۈركمۇ ياكى كوردمۇ، تۈرك بولسا، يەنە كېلىپ قىزىقسا ئاندىن چۈشەندۈرۈش كېرەك.

**10-سوئال**

بىزنىڭ ھازىرقى مائارىپىمىزغا قانداق قارايسىز ؟

مائارىپىمىز مۇنتىزىم، نەزەرىۋىيىلىكى كۈچلۈك. بۇ مائارىپىمىزنىڭ ئارتۇقچىلىقى بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭ كۆزىتىشىمچە مائارىپىمىزنىڭ يېتەرسىزلىكلىرى تۆۋەندىكىدەك:

ئوتتۇرا باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىز ھەددىدىن زىيادە مۇنتىزىم. دەرسلەر ۋە تاپشۇرۇق كۆپ، سالمىقى ئېغىر. بۇ فىزىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك جەھەتتىن ئوسۇپ يېتىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلار ئۈچۈن ياخشى ئەمەس. بۇ ھەتتا نۇرغۇن ئاتا-ئانىلار ئۈچۈنمۇ بىر غەم. يەنە بىرى، بىزنىڭ ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزدە ئىمتىھان نەتىجىسىگە ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىش تۈزۈمى ئېغىر. گەرچە بۇ ئىلغارلارنى ۋە كېيىن قالغانلارنى ئىلھاملاندۇرۇشنى مەقسەت قىلىسىمۇ، لېكىن يەنە بىر جەھەتتىن بۇ نەتىجىسى ياخشى بولمىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىسىنى يوقىتىدۇ، ئۇلارنى تېخىمۇ پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدۇ.(غەربتە ئىمتىھان ئالىسىمۇ دەرىجىگە ئايرىلمايدۇ، ھەم نەتىجە ئاشكارا ئېلان قىلىنمايدۇ.)بۇ خىل دەرىجىگە ئايرىش كېيىنچە ئۇلاردا ئادەم ۋە نەرسىلەرگە قارىتا ئاسانلا نوقۇل ھالدا "ياخشى -يامان" دەپ ئايرىيدىغان پسىخىكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلار ھە دېسىلا گېرمانىيە، ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى بىرىنچىدىن يۈزىنچىگىچە دەرىجىگە ئايرىۋالىدۇ. Humboldt, Oxford, Cambridge (ھايدىلبەرگ)، Heidelbergسىز ئۇنىۋېرسىتېتلىرىدا ئوقۇسىڭىز ياخشى. لېكىن باشقا ئۇنىۋېرسىتېتلارنى بۇنىڭلىك بىلەن چەتكە قاققىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ خىل دەرىجىگە ئايرىش نوقۇل داڭلىق پروفسورلار سانى بىلەن كۇتۇپخانىنىڭ ھەجىمىنىلا ئاساس قىلىشى ناتايىن.

گېرمانىيىلىكلەر جۇڭگولۇقلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنى دەرىجىگە ئايرىشىنى ھاڭۋېقىپ، ھەيرانلىق ئىچىدە ئاڭلايدۇ. گېرمانىيە، گوللاندىيە، ئەنگلىيەلەردە باللارنىڭ خاسلىقىغا ئالاھىدە دىققەت قىلىدۇ. ئوخشىمىغان باللارغا ئوقۇتقۇچى

ئوخشاشمىغان ئۇسۇلدا، كونكرت يېتەكچىلىك قىلىدۇ ۋە بۇ ھەقتە ئاتا- ئانىلار بىلەن قەرەللىك سوھبەتتە بولىدۇ.

ئالىي مەكتەپلەرنىڭ بولسا ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلىرىمىزنىڭكىدىن ئەكسىچە. دەرسلىكلەر قېلىپلاشقان، تەييار. بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇستەقىل ئىزدىنىمەسلىكىنىڭ بىر ئاساسي سەۋەبى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سالمىقى يېتەرلىك ئەمەس، ھەم مۇئەييەن دەرسلىك ماتېرىياللار ئاساسىدىكى يازما ئىمتىھان ئاساس قىلىنغان. ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەتراپلىق ئىزدىنىشىگە تۈرتكە بولىدىغان ئانالىتىكلىق سىناقلار يېتەرسىز. بىر قېتىم قوشنام لارس بىلەن پاراڭلىشىپ، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپلىرىمىزدە مۇنتىزىم دەرسلىك كىتاپلارنىڭ بارلىقىنى، شۇ سەۋەپلىك كۈتۈپخانىغا قاترىمايمۇ دەرسنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى بىلىۋالغىلى ۋە ئىمتىھاندىن ئوتكىلى بولىدىغانلىقىنى دېگەنىدىم. ئىقتىسادىي قانۇن ئوقۇيدىغان ئۇ تونۇشۇم: "بۇ دېگەن ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئۆگىنىش ئۇسۇلى. ئۇنىۋېرسىتىتا ئۇ ئاقمايدۇ. ئۇنىۋېرسىتېت دېمەكلىك ئۆزىگە تايىنىپ مۇستەقىل ئوگىنىش دېمەكتۇر. ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىنىڭ قولىغا بىر كىتاپنى تۇتقۇزۇپ قويسا ئۇنى قانداق ئۇنىۋېرسىتېت دېگىلى بولسۇن؟" دېگەنىدى.

يەنى بىرى، بىزنىڭ ئالىي مەكتەپ باسقۇچىدا ئوقۇغۇچىلار يەنىلا خۇددى ئوتتۇرا-باشلانغۇچتىكىگە ئوخشاشلا جەميەتتىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ.پىراكتىكا ۋاقتى قىسقا، ئۈلۈك. بۇ ئۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرگەنىدىن خىزمەت ۋە ئىجتىمائىي مۇھىتقا ماسلىشىش، ئۇنۇملۇق ئىش بېجىرىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە پايدىسىز. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش پۈتتۈرۈشتىن بۇرۇن ئوزى قانداقتۇر كاتتا بىر يەردە ئىشلەيدىغاندەك ئەۋزەللىك تۇيغۇسىدا بولىدۇ. ۋاقتىدا ياكى كوڭۈلدىكىدەك خىزمەت تاپالمىسا ئاسانلا ئۈمىتسىزلىنىدۇ. بىز پىلانلىق ئىگىلىكتىن بازار ئىگىلىكىگە ئۆتۈش باسقۇچىتا تۇرۇۋاتىمىز.

ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن بىراقلا بازار رىقابىتىگە دۇچ كەلگەچكە بۇ ئۇلارغا زەربە بولۇپ تۇيۇلدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئالىي مەكتەپلەر ئوقۇغۇچىلاردا پىسخىك جەھەتتىن ئەركىن رىقابەتكە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ساپانى يېتىلدۈرۈشى كېرەك. گېرمانىيەدە بىر ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچى يۈزلەپ شىركەتلەرگە ( سوھبەت) interviewتەرجىمھالىنى ئەۋېتىدۇ. 10-20 لەپ شىركەتلەرگە دەسلەپكى دا ئۆزىنى قانداق interviewكە بارىدۇ. ئۇلار ھەتتا تەرجىمھالىنى قانداق يېزىش، تۈتۈش توغرىسىدا ئاتايىن مەخسۇس كۇرسقا قاتنىشىدۇ.)

ئومۇمەن:

ئالىي مائارىپ جانسىز، ئىستىخىيلىك.

ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مائارىپىمىزدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ بېسىمى ئېغىر.

ھەر ئىككىلىسىدە ئومۇملىق ئاساسىي ئورۇنغا قويۇلۇپ يەككىلىككە سەل قارالغان.

## 11ـ سۇئال

بوش ۋاقتىلىرىڭىزدا نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟

خىزمەت قىلىمەن. ئىش تېپىلمىسا، ئىقتىسادىي شارائىتىم يار بەرسىلا ساياھەت قىلىمەن. يەككە ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن. سايخەت شىركەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان گۇرۇپپىلار بىلەن ساياھەت قىلىش زەرىكىشلىك ھەم قىممەت. ھەر ئىككىلىسى ئاقمىسا ياتاقتىن چىقماي كىتاپ ئوقۇيمەن. كۆپرەك 20-ئەسىردىكى كوزگە كۆرۈنگەن، ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان يازغۇچىلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇيمەن.

ئادەتتە كەچلىكلىرى خاتىرە يازىمەن. يەكشەنبە كۈنى تاماق قىلىمەن.

## 13ـسوئال

**بالىلىقىڭىزدىكى سىزنى ئەڭ شۇ شال قىلغان، سىزنى ئەڭ ناخۇش قىلغان، سىزنى ئەڭ غەزەپلەندۈرىدىغان، سىزنى هازىرغىچە نومۇس هېس قىلدۇرىدىغان ئىشتىن بىرنى سۆزلەپ بېرەلەمسىز ئالىي مەكتەپ هاياتىڭىز قانداق ئۆتكەن؟**

بۇ يەردە "ئەڭ" نى دېيىش ئاسان ئەمەس. مەندە ئۇنداق "ئەڭ" لەر بوپ باقمىغان بولسا كېرەك. ھەم ئەڭ دېگەن گەپنىڭمۇ ئەھمىيىتى ئاجىزلاپ كەتكەندەك تۇيۇلدۇ. ھەر هالدا كاللامدا بىر قەدەر روشەن قالغان ئىشلارنى تىلغا ئالاي.

1977- يىلى بولسا كېرەك، بىزگە ئۆچ قوشنىمىز دادۇيىنىڭ كۆزدىكى چوڭ يىغىندا خىۋا گوپىڭنىڭ رەسمى بىلەن تەقدىرلەنگەندى. شۇ ۋاقىتتا بىزنىڭمۇ بۇنداق رەسىمگە ئېرىشەلمىگەنلىكىمىزدىن كۆڭلۈم بەك يېرىم بولغان. نېمىشقا ئۇنىڭغا بېرىپ ، بىزگە بەرمەيدۇ؟ دەپ كاللامدىن ئۇزۇن يىللاپ كەتمىگەن.

1- سىنىپتا دادىسىمۇ، ئاكىسىمۇ تاماكا چېكىدىغان بىرسى بىلەن بىللە ئولتۇراتتىم. ئۇ "تاماكا چەكسە قورساق ئاچمايدىكەن" دېگەندى. بىر كۈنى مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كەلسەم ئىشىك تاقاق. دەرىزىنى ئاچسام دەرىزە تەكچىسىدە دادامنىڭ موخۇركىسى باركەن. قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتكەن. يېنىمدا ئاغىنەم بارتى. مەن موخۇركىدىن ئالدىم. قوناقلىقتا كىرىپ چەكمەكچى بولدۇق. قوناقلىقتا بىزنى ئاغىنەمنىڭ ئاكىسى كۆرۈپ قالدى. شۇ نىڭ بىلەن قوناقلىقتىن چىقىپ، ئادەم بويى قوپۇرۇلغان بىر ئۆيگە كىرىپ چەكتۇق. شامال چىقىۋاتقاندى ، موخۇركىنى ئاران يۆگەپ سەرەڭگە ياقسام ئۆچۈپ قالدى. سەرەڭگىنى تاشلىسام كىچىككىنە يانتاققا ئوت تۇتۇشۇ پ قالدى.

"ئۆچۈرۈۋەت" دېسەم، ئاغنەم "ئوبدان بولدى، ئىسسىنىۋالايلى" دېدى. بىز تاماكا چېكىپ ئولتۇردۇق. لېكىن تامنىڭ ئۇلىغا بېسىلغان ياغاچقا ئوت كەتتى. قۇدۇقتىن ئاغزىمىز، ئالقىنىمىزدا سۇ ئەكىرىپ چاچتۇق ، كار قىلمىدى. ئاندىن قېچىپ كەتتۇق. شۇ كۈنىسى كەچ ئۆيگە قايتىش بەك تەس كەلدى. ياتار ۋاقتىتا باردىم. ھېچكىم گەپ قىلمىدى. ئەتىسىگە ئاغنەمنىڭ دادىسى ، دادام بولۇپ 4-5 ئادەم ئۇ تامنى ئۆرۈپ باشقىدىن قوپۇرۇپ قويدى. ئاكام ئەتىسى تاماق ۋاقتىدا ئاشنى پۇۋلىگەن بولۇپ تاماكا چەككەننى دوراپ مېنى تېرىكتۈردى. بەلكى بۇ ئىش مېنىڭ نېمشقا تاماكا چەكمەيدىغانلىقىمنىڭ سەۋەبى بولسا كېرەك. تاماكا چەكسەم گېلىم ئاغرىيدۇ.

ئالىي مەكتەپ ھاياتىم ئادەتتىن تاشقىرى ئاددىي، ئىنتىزامچان ئۆتكەن. ئىككىنچى يىللىققا چىققاندا كەلگۈسدە ھۆكۈمەت تارماقلىرىدا نەتىجە قازىنالمايدىغانلىقىمنى ھېس قىلغان.

ھېچ بىر قىزنى ئايرىم كىنوغا تەكلىپ قىلىپ باقمىغان.(بىرسىنى تەكلىپ قىلسام قالغانلىرى نېمە دەر دەپ ئويلايتىم.) لېكىن چوڭقۇر مۇھەببەتلىك ھىسسياتلار بىلەن ئۆتكەن. پۈتكۈل ئالىي مەكتەپ ھاياتىمدا يىراقتىكى بىرسىنى ياخشى كۆرەتتىم.

## 14- سۇئال

## دۇنيا سىياسىيسىغا قىزىقامسىز سىز قايسى پەرەزىدەنتتىن بىزار ۋە كىمدىن رازى؟ ئىراق ئۇرۇشىغا قانداق قارايسىز؟

دۇنيا سىياسىيسىغا ئانچە قىزىقمايمەن.چۈنكى مېنىڭ دۇنيا سىياستىگە تەسىر كورسىتىغان رولۇم يوق. (باشلانغۇچتىكى ، تولۇقسىزدىكى چاغلاردا "شىنجاڭ گېزىتى"نىڭ پايدىلىنىش خەۋىرىنى ئۇزمەي كورەتتىم. دادام ئىشتىن يانغاندا ئۇنى ئەكەلمىسە كوڭلۇم يېرىم بولاتتى. كېيىن بۇنداق خەۋەرلەرنى بىلۋېلىشنىڭ ھېچقانداق

ئۇنۇم ياراتمايدىغانلىقىنى، مېنىڭ تۇرمۇشۇ مغا ھەم تەسىر كورسەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. (ئەگەر مېنىڭ ئورنۇم بەلگىلىك دەرىجىگە بارغاندا تەبىئىكى مەن ئوز تۇرمۇشۇ مغا ئائىت خەۋەرلەر ۋە سىياسەتلەرگە قىزىقمەن. شۇڭا كۇندىلىك گېزىت ياكى تېلېۋىزوردىكى سىياسى خەۋەرلەر مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز.)

ئەلۋەتتە ھەممە دۆلەتلەرنىڭ مۇمكىن قەدەر كۆپ سىياسەتلىرى ئاۋامنىڭ ( ئەنگلىيىچە ئېيتقاندا باج تاپشۇرغۇچىلارنىڭ) ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۇرىدۇ ياكى ئەكس ئەتتۇرۇشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئومۇمىيلىك جەھەتتىن قارىغاندا ئاۋامنىڭ بىر ئەزاسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ھەر بىر شەخسنىڭ يەرلىك ۋە دۇنياۋى سىياسىغا ئېتىبار بېرىش، ئۇنى كۆزىتىش ۋە ئوز كوز-قارىشىنى نامايەن قىلىشى ئورۇنلۇق ۋە بەلكى زۆرۈر. لېكىن يەككىلىك نۇقتىسىدىن قارىغاندا ئادەتتىكى ئادەملەر ئۈچۈن دۇنياۋى ۋەزىيەتكە كوز-قۇلاق بولۇش، ئۇنىڭدىن ۋاقتىدا خەۋەردار بولۇش پەقەت شۇ ئارقىلىق ئوزىنىڭ دۇنيا سەھنىسىدىكى مەشھۇرلار بىلەن تەڭ قەدەمدە مېڭىۋاتقانلىقىنى، ئۇلار بىلەن بىردەك مەۋجۇت بولۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش ۋە بۇ ئارقىلىق ئوزىنىڭ مۇھىم ئادەم بولۇش ئېستىگىنى قاندۇرۇش ئۈچۈندۇر. بۇمۇ كوڭۇل ئېچىشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن.

بىرەر پەرەزدىنتقا ئۆچ ياكى ئامراق بولۇشمۇ بىر ھېسابتا ئانچە ئىلمىي بولمىغان ئىش. ئىككىنچى بىر دۆلەتتە تۇرغان ئادەم ئۇ دۆلەتنىڭ ۋە ئۇ پرەزدىنت كابىنتىنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى مۇددىئا-نۇقتىنەزەرلىرىدىن كۆپۈنچە مۇستەسنا. ئىچكى ئەھۋالدىن خەۋەرسىز ھالەتتە ئۇلار توغرىلىق ھوكۇم چىقىرىش ئىلمىي ھەم ئادىل بولمايدۇ. بىزنىڭ كۆرگىنىمىز ۋە بىلگىنىمىز ئۇلارنىڭ سىياسى تۇرمۇشىنىڭ ئابستراكىت ۋە ئاددى بىر قىسمى. لېكىن ئاڭلاپ بىلگەن، ھېس قىلغانلارغا ئاساسلىنىپ بىر نېمە دېيىش زۆرۈر

بولسا، مەن ئامېرىكا پرەزىدېنتى گېئورگې بۇشنىڭ ئىككى يىل بۇرۇن ئىرانغا تەھدىت سېلىپ دېگەن دىپلوماتىك بولمىغان سۆزلىرى، ئۇنىڭ ئىراق ئۇرۇشىدىكى پوزىتسىيىسى ۋە روسىيە پرەزىدېنتى پۇتىننىڭ 2000- يىلى شىمالىي قۇتۇپتىكى 121 سۇ ئاستى پاراخودى خادىملىرىنى قۇتقۇلدۇرۇشقا رۇخسەت بەرمىگەنلىكى ۋە چېچىنىيىگە تانكا بىلەن باستۇرۇپ كىرگەنلىكىدىن ئۇلارنى لۈكچەك مىجەز ئادەملەر دەيمەن. سابىق گېرمانىيە kantsleri Gerhardt Schroeder ؟؟؟ بۇ قانداق ئەمەل؟ ، سابىق ئامېرىكا پرەزىدېنتى بېل كلىنتون يېقىملىق ئادەملەر. ئۇلار كامىدا نۇتۇقنى ياخشى سۆزلەيدۇ. باشقىلار بىلەن قانداق ئەپ ئوتۇشنى بىلىدۇ.
ئىراق ئۇرۇشى ئامېرىكا ھوكۇمىتى دېموكراتىيىنى سۇيىئىستىمال قىلىپ قوزغىغان ناتوغرا ئۇرۇش. بۇنىڭغا ھەممىدىن نېمىسلار بىلەن فرانسۇزلار قارشى. نېمىسلار بۇ توغرىلىق قاتتىق ئەپسۇسلىنىدىغانلىقنى بىلدۈرگەن. نېمىسلار "گەرچە بىر زوراۋان ھاكىمىيەتنى زورلۇق كۈچكە تايىنىپ ئاغدۇرۇپ تاشلىغىلى بولسىمۇ ، لېكىن دېموكراتىيىنى زورلۇق كۈچكە تايىنىپ قۇرغىلى بولمايدۇ"دەپ قارايدۇ. "ئەگەر ئامېرىكىلىقلار راستىنلا دېموكراتىيە ئۈچۈن زالىملارنى ئاغدۇردىغان ئىش بولسا، نېمە ئۈچۈن ئۇلار ئافرىقىدىكى نۇرغۇن كاللا كېسەر زوراۋانلارنى ئاغدۇرۇپ تاشلىمايدۇ؟" دەپ سوئال قويۇشىدۇ. ئامېرىكا ئۇرۇشنى تېزلا ئاياغلاشتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن ئاخىرنى يىغىشتۇرالمىدى. ئامېرىكا ئىراق ئۇرۇشىغا پۈتۈن ئەنگلىيىنىڭ بىر يىللىق مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى بىلەن تەڭ پۇل خەجلىگەن. ئىراق پرەزىدېنتى 2006-يىلى 8-ئاپرېل كۈنى "ئىراق رەسمىي ئىچكى ئۇرۇش ھالىتىگە كىردى" دېدى. بۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى. ئىراقتا نوۋەتتە نېفت ئۈچۈن ماشىنىلار ئۇزۇندىن-ئۇزۇن ئۆچىرەتتە تۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن ئامېرىكىدا ئۇنداق ئەمەس.

**16ـسوئال**

1ـ ئۆزىڭىز ئەڭ ياقتۇرۇدىغان بىر نەچچە تور بەتنى تىزىپ باقامسىز مۇشۇ باھاندا بىزمۇ ئېسىل تور بەتلىرنى بىلىۋالايلى.

2ـ ئۇيغۇر تور بەتلىرى ھەققدە توختىلىپ باقامسىز مەسلەن، سىز ئەڭ كۆپ كۆرىدىغان ئۇيغۇر تور بېتى قايسى؟ كونا يېزىق بەتلىرنى كۆپرەك كورەمسىز ياكى لاتىن ئۇيغۇر يېزىقدىكى تور بەتلىرنىمۇ سەۋەبى نەمە؟

www.google.comمەندە ئېنىق بىر قاراش يوق. لازىم بولغان نەرسلەرنى

( نىلڭ باش بېتىگە internet explorerئارقىلىق ئاختۇرمەن. ئادەتتە تور كۆرگۈ (

< ؟؟؟ ياكى http://www.yahoo.co.uk/ www.yahoo.co.uk>

نى توغرىلاپ قويىمەن. ئۇيغۇرچە تور بەتلىرنى ئاساسەن www.yahoo.com

كورمەيمەن. ماڭا ئۇيغۇرچە تور بەتلىرى لاتىن يېزىقدا بولسىمۇ، كونا يېزىقتا بولسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. مەن قانداقتۇر بىرنى يوقۇتۇپ، بىرىگىلا تۇرۇش تەرەپدارى ئەمەس.

**17ـ سوئال.**

ئوزىڭىزنىڭ قانداق ناخشا مۇزىكىلارنى ياقتۇرىدىغىنىڭىزنى، كىملەرنىڭ ناخشاـمۇزىكىلىرىغا بەكرەك ئامراقلىقىڭىزنى دەپ باقامسىز ئۇنىڭدىن باشقا، 2005ـيىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇيغۇر مۇقاملىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى پەن‑مەدەنىيەت، مائارىپ كومىتەتى تەرىپىدىن ئىنسانىيەتنىڭ ئاغزاكى ۋە غەيرى ماددى مىراسلىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى دىگەن ئەترايىنامىغا ئەرىشتى. بۇنىڭ ئۇيغۇر جەمئىيىتى، جۇملىدىن سەنئەت ئىشلىرىغا كورسىتىدىغان تەسىرىنى مۆلچەرلەپ باقسىڭىز قانداق ؟

مەن يەڭگىل، ئاستا،رىتىملىق مۇزىكىلارنى ۋە جاز مۇزىكىسىنى ياقتۇرىمەن. يەنە (كېلتىك) مۇزىكىلىرىدىكى غېرىبلىق، تىنچلىقنى celticئىرلاندىيە ، شوتلاندىيە يەنى ياقتۇرىمەن. ياۋروپا كىلاسسىك مۇزىكىلىرىنى جۈملىدىن، بېتخوۋىن، مۇزارت، ۋاگنېرلارنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئاڭلايمەن.

، ئىسپان Nora Jones ، ئامېرىكىلىق ناخشىچى Sadeئەنگلىيىلىك ناخشىچى ۋە پەرىدە مامۇتنىڭ ناخشىلىرىنى ياخشى كۆرىمەن.Jolio Igelsiasناخشىچىسى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ پەن-مەدەنىيەت، مائارىپ ئورگىنى نۇرغۇن نەرسىلەرگە - جۈملىدىن ئاسارە-ئەتىقە، تارىخىي ئورۇن، مەدەنىيەت مىراسلىرىغا نام بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مەقسەد ئۇلارنى قوغداش. يەنە بىرى، 12 مۇقامنى ھازىرقى ئادەملەر ئىجات قىلمىغان، قايتا رەتلەپ چىققان. ئەلۋەتتە بۇنداق باھا ياكى ئېتىراپ قىلىنىش مۇئەييەنلەشتۈرۈش تۈيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. لېكىن كەسكىن ئېيتقاندا ئۇ پەقەتلا بىر سەنئەت ئەسرى. بىر سەنئەت ئەسىرىنىڭ خەلقارالىق ئورگانىنىڭ ئېتىراپ قىلىنىشىغا ئېرىشكەنلىكى پۈتكۈل جەمئىيەتكە تەسىر كۆرسىتىشى ناتايىن، بەلكى شۇ ساھەدە مۇئەييەن تەسىرى بولۇشى مۈمكىن.( سەنئەت ساھەدىكى تەسىرىنى كەسىپ ئىگىلىرى سۆزلىسۇن.) ئارتۇقچە ھاياجانلىنىش ياخشى ئەمەس.

**18- سوئال**

سىزنىڭ زادىلا ئېسىڭىزدىن چىقمىغۇدەك تەسىر قىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر قايسى سىزنىڭ ھاياتىڭىز ۋە كەسپىڭىزگە دەۋر بولگۈچ تەسىر كۆرسەتكەن ئەسەرلەرمۇ بارمۇ ئۆزىڭىز ئەسەرلىرىنى ياقتۇرۇدىغان بىر نەچچە يازغۇچى- شائىرنى دەپ باقامسىز؟

ئېسمدىن چىقمىغۇدەك تەسىر كۆرسەتكەن ئەڭ دەسلەپكى ئەسەرلەرنىڭ بىرسى "قاينام ئۆركىشى". بۇ روماننى 4- سىنىپتىكى چاغدا، ئوچاقنىڭ ھورى ئۆيىنى بىر ئالغان قىش كۈنى سەھەردە قولۇمغا ئالغان ۋە قولۇمدىن چۈشۈرمەي ئوقۇپ چىققان. بۇ مەن ئوقۇغان تۇنجى رومان ۋە بالىلىقىمدا ئەڭ تەسىر قىلغان ئەسەرنىڭ بىرسى. بۇلاردىن باشقا دانىل دېفونىڭ " دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزۇ" ، ئابدۇراھمان قاھارنىڭ " ئىلى دولقۇنلىرى"(لېكىن ئىككىنچى قىسمىنى ئوقۇغۇم كەلمىگەن) مۇپاسساننىڭ "ھايات" ، گىيوتىينىڭ "ياش ۋېتىرنىڭ دەردى" لېرمېنتوۋنىڭ  زامانىمىزنىڭ قەھرىمانى"دېگەن رومانى، لۇشۈننىڭ ھىكايە، زاۋېنلىرىنى تىلغا ئېلىش مۇمكىن. قايسى ئەسەرنىڭ ھاياتىمغا تەسىر كورسەتكەنلىكنى بىلمەيمەن. بۇنداق ئىش بولمىغان بولسا كېرەك. لېكىن مەن روبىنزون كروزۇنىڭ تەۋەككۇلچىلىق روھىغا، ۋېرتىرنىڭ مۇھەببەتلىك، قايناق تۇيغۇسىغا ھېرىسمەن بولغان. مەن تۇرمۇش جەڭگىۋار، ئوزگىرىشچان بولسا دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم.

مەن گارسىيا ماركوز ، مىلان كۇندىرا، ئالبېرت كامۇس، چىخوپ، دوستىيوۋىسكى، ھېمىڭۋايلارنىڭ ئەسەرلىرىگە، ھېنرىخ ھېينى، تېد خوگىس، ئېلىئوتنىڭ شېئىرلىرىغا ئامراق.

### 19ـسۇئال

بىزنىڭ مەتبۇئاتلىرىمىزدا بىزگە ئىجتىمائىي پەن مۇھىممۇ ، تەبىئىي پەنمۇ دېگەندەك مۇنازىرىلەر بوپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بىر ئادەمنىڭ تەرەققىياتىغا نىسبەتەن ئەيتقاندا بۇنداق مۇنازىرە سەل غەيرى تۇيۇلىدۇ. ئادەتتە كىشىلەر تانا سەكرەش ئارقىلىقمۇ، چويۇن توپ ئەتىش ئارقىلىقمۇ بىدەن چەنىقتۇرۇش مەقسىتىگە يەتىش مۇمكىن.

ئەمدى بۇ گەپ بىر مىللەتكە نىسبەتەن سورالسا بىر نەمە دەمەك تەس. بىزگە تەرەققىيات بولمىسا بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن تەبىئىي پەن كېرەك، بىزگە ئاڭ بولمىسا بولمايدۇ، بۇنىڭ ئۇچۇن ئىجتىمائىي پەن كېرەك، لېكىن تەبىئىي پەنچىلەر ئۇچۇن سورۇن قانچىلىق بىزدە سانائەت قانچىلىك ئىجتىمائىي پەن ئارقىلىق بىلدۈرگەن بىلەنلا بولامدۇ ھەرىكەتچۇ بىر كىشى ئويغانغاندىن كېيىن نەمە قىلىشى كېرەك ....
مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشىغان زىددىيەتلىك مەسىلىلەر نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا بار. بۇ ھەقتە ئۆز كوز قارىشىڭىزنى دەپ باقسىڭىز؟

بۇ ئابستراكت سۇئالكەن.

"تەبىي پەن مۇھىممۇ ئىجتىمائىي پەنمۇ؟" دېگىنى بىر بىمەنە سۇئال. بۇ ئوتتۇرا ئەسىر مەدرىس ؟؟؟ "مەدرىس" ئۇيغۇرچىدا ئىسلام دىنىي مەكتەپلەرنى كۆرسىتىدۇ.سىزنىڭ مىسالىڭىزدىن قارىغاندا، بۇ غەربنىڭ گېپى بولسا كېرەك. ئۇنداقتا بىز بۇ يەردىكى "چوشقا" بىلەن "مەدرىس" ئاتالغۇسىنىڭ كىتابخانىلارنىڭ كاللىسىدا زىتلىق پەيدا قىلىپ قويماسلىقى ئۈچۈن باشقىچە بىرەر ئاتالغۇنى ئىشلىتىمىز كېرەكمۇ، قانداق؟ مەسىلەن، "دىنىي پەيلاسۇپلار" دېگەندەك.؟ پەيلاسوپلىرىنىڭ " چوشقىنى بازارغا ئاپارغان قولمۇ ياكى ئارغامچا؟" دېگىنىگە ئوخشايدۇ.
"قانداق قىلىش كېرەك؟"، "قانداق ئويغىنىش كېرەك؟" دېگەنلەر بەك چوڭ تېمىلار. بۇنىڭغا بىرەر ئابزاس گەپ بىلەن ئېنىقلىما بەرگىلى ياكى يول كورسىتىپ بەرگىلى بولۇشى ناتايىن. لېكىن يەنە بىر تەرەپتىن قارىسا مەسىلە ئۇنچىۋالا مۇرەككەپ بولۇشىمۇ ناتايىن. بىرلا ئېغىز گەپ: مەيلى نەدىلا بولمىسۇن جان تىكىپ ئىشلەش كېرەك. قالدى مەسىلەرنى ئاندىن كېيىن ئويلاشسىمۇ ئۈلگۈرىدۇ. ئاۋال ئىشلەش كېرەك ، ئاندىن ئويغانغان ياكى ئويغانمىغانلىقىمىزنى پەرق ئەتكىلى بولىدۇ. بىر ئادەم "ئويغانغاندىن

كېيىن"يەنىلا ئىشلىشى كېرەك. نىملا قىلسا بولىدۇ. ئويغانغاندىن كېيىن قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئويغانغان ئادەم بىلىدۇ. بولمىسا تېخى ئويغانمىغان بولىدۇ. ئەڭ ئاۋال ئۆزىنىڭ جېنىنى ياخشى جان ئېتىشى كېرەك. جېنىنى ياخشى جان ئېتىپ، ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەددىنى تىكلەش ھەرقانداق ئۇلۇغ گەپتىن ئەمەلىي. پۇلنى قانداق تېپىش كېرەكلىكىنى ھەممە ئادەم ئۆزى بىلىشى كېرەك. پۇل تېپىشنى ئوگىتىپ قويىدىغان ھېچكىم يوق.

بىزگە ئۇ ياكى بۇ كېرەك ئەمەس، ھەممىسى كېرەك.

## 20- سۇئال

ۋەتەندە نۇرغۇنلىغان قەرىنداشلار چەتئەلگە چىقىشنى ئويلايدۇ، لېكىن رەسمىيەتلەر باشنى ئاغرىتىدۇ. قائىدە بويىچە بولغاندا، پاسپورت 15- 20 كۈندىلا پۈتۈشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن پەقەت 200 نەچچە يۈئەنلا كېتىدۇ. لېكىن بۇ قەغەزدىكى گەپ. نۇرغۇن ئادەملەرگە قىيىن، ھەتتا داۋان ئاتلاشتىنمۇ مۇشكۈل بىر ئىش. سىز ئۆزىڭىزنىڭ پاسپورت بېجىرىش جەريانىڭىزنى دەپ باقامسىز ؟

ئۆز ۋاقتىدا قىرغىزىستاندىن 3000 سومغا ۋىزا كەلتۈرگەن. يەنە قازاقىستانغا بارىدىغان بىرسىگە 1000 سوم بەرگەن. كېيىن يەنە ئوكرائىنادىنمۇ ۋىزا كەلتۈرگەن. لېكىن ھېچقايسىسىغا پاسسپورت ئىشلەتمىگەن. بۇ ۋىزىلارغا پاسپورت ئىشلەتسە شۇ دۆلەتكە بىر قېتىم چىقىش زۆرۈر ئىدى. (ھازىر بۇ قائىدە بىكار قىلىندى.) مەندە ئۇنداق بىھۇدە پۇل يوق ئىدى. كېيىن گېرمانىيىدىن بىر پروفسورنىڭ ئىككىلىك خېتىگە ئاساسەنلا پاسسپورت بېجىرگەن. ئۈچ ھەپتىدىلا پۈتكەن. 340 سوم تۆلىگەن.

ئەگەر ئامېرىكا ۋە باشقا غەرب ئەللىرىدە ئوقۇش ئۈچۈن چىقماقچى بولسىڭىز، شۇ

دۆلەتلەردىن چاقىرىق بولسىلا پاسسپورت بېجىرىپ بېرىدۇ. مەقسەت ئېنىق، توغرا بولسا ، تەلەپ قىلىنغان رەسمىيەت ۋە ئىسپاتلار تولۇق بولسا ھەرقانداق ئادەمگە پاسسپورت بېجىرىپ بېرىلىدۇ. (ئوقۇغۇچىلىقتىن باشقا مەقسەت بىلەن چەتكە چىقماقچى بولغانلارغا قانداق بېجىرىلىدىغانلىقىدىن خەۋىرىم يوق.)

## 23ـ سوئال

## ئوزىڭىز تۇرۇۋاتقان ياكى ئوزىڭىز بېرىپ باققان دۆلەتلەرنىڭ ھۆكۈمەتلىرى ئوز دۆلىتى ئىچىدىكى ئوخشىمىغان دىن، ئىرق، مىللەت، مەدەنىيەتكە تەۋە كىشىلەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىدىكەن ؟

ياۋروپادا گېرمانىيە ئەڭ چوڭ ئىممىگرانتلار؟؟؟ كۆچمەنلەر دۆلىتى. ئۇنىڭدىن قالسا ئەنگلىيە.

ئەنگلىيە گېرمانىيەگە قارىغاندا مىللەتلەرنىڭ، مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ خىللىقى مۇناسىۋىتىگە بىر قەدەر ئاكتىپ مۇئامىلە قىلىدۇ. بانكا، پوچتا، تاشقى ئىشلار ئىدارىسى، ئايرودۇرۇملاردا ياغلىق چىگىۋالغان ئاياللار، بومبۇر ساقال ئەرەبلەر، بېشىغا " دەپ يېزىلغان، بۇنىڭ sekla‍rسەللە ئورىۋالغان سىكلار؟؟؟ ئەسلى ئارگىنالدا " "ئە" ياكى "ئې" ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. بۇنى كونا يېزىقچە "سىكلار" دېسەك بولامدۇ؟ (ھىندىستاندىكى بىر مىللەت) قارا تەنلىكلەر ۋە باشقىلار بىردەك ئىشلەيدۇ. بۇ ئەنگلىيىنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك مۇستەملىكە تارىخى بىلەن باغلىنىش بولۇشى مۇمكىن. گېرمانىيىدە بۇنداق ئەھۋاللار يوق. لوندوندا بىر ئىنگلىز ئوقۇتقۇچى تەرجىمھال يازغاندا پۇستانى، پۈكنى مىللەتتىن دەپ يېزىشنىڭمۇ زۆرۈرىيىتى يوقلىقىنى دېدى، لېكىن مەن بۇنىڭدىن گۇمانلىنىمەن.

ئەنگلىيىدە 10ياشلىق بىر بالا سوتتا سوراققا تارتىلىپ ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.
ئۇ بالا 11ياشلىق قوشنىسىنى "Paki"( Pakistani دېگەن سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى،
سەلبىي مەنىدە.)بىن لادىن دەپ تىللىغانىكەن. بۇ تۇغرىلىق كەسكىن مۇنازىرەلەر بولدى.
بۇ يەرنى مەن سەل چۈشىنەلمىدىم؟؟؟؟؟ "پاكى، بىن لادىن!" دەپ تىللىغانمۇ؟ ياكى
"پاكى" ۋە "بىن لادىن" دەپ ئايرىم-ئايرىم ئىككى قېتىم تىللىغان دېگەن گەپمۇ؟
بىر سوتچى: "سىياسىي توغرىلىقىمىز ئالجىش دەرىجىسىگە يەتتى! ( our political
correctness has gone mad !) ماشىناڭنى ئوغرى ئالسا كارىڭ يوق، ئىككى
بالىنى ئويناۋېتىپ ئۇرۇشۇپ قالغىنىغا سوراققا تارتىش نەقەدەر كۈلكىلىك؟ ئۇلار بۇ
سىياسىي ئۇقۇملارنىڭ مەنىسىنى نېمە بىلسۇن؟ ئۇلار بۇنى ستىيخىيلىك ئىشلىتىكەن،
سىياسىي جەھەتتىن ئۇلار غەرەزسىز" دېدى. لېكىن مەكتەپ كومىتېتى ۋە باشقىلار
"شۇنداق قىلىش زۆرۈر. بۇنداق ئىرقىي ئايرىمچىلىق خاھىشلىرىغا جىددىي مۇئامىلە
قىلىش كېرەك. ئۇ سوتچى ئەپەندىم دەۋرنىڭ ئارقىسىدا قاپتۇ "دەپ ئۇ سوتچىنى
تەنقىد قىلىشتى.

گېرمانىيىدە ئەلۋەتتە ئوڭچى رادىكاللارمۇ بار. يەن بۇ مەن تۇرغان شەرقىي
گېرمانىيەدىكى ھاللى، سائالە شەھرىدە، لېيپزىگ(لايپتسىك) شەھەرلىرىدە بىر قەدەر
ئېغىر. مەن ئۇلارنىڭ نەچچە يۈز كىشىلىك نامايىشىنى كۆرگەن. ئۇلار "
Auslaender raus " ( چەتئەللىكلەر يوقالسۇن) دەپ شۇئار توۋلىشىدۇ. ئۇلار
جەمىيەتتىكى ئىشسىزلىق، مۇقىمسىزلىق، جىنايەتلەرنى قەستەن چەتئەللىكلەر سەۋەبىدىن
كۆرۈپ ئۇلارنى چەتكە قاقىدۇ. بۇلار گېرمانىيىدە Neo-Nazi دەپ ( يېڭى ناتسىستلار)
ئاتىلىدۇ. لېكىن ئۇلار ئاشكارە ئوتتۇرغا چىقالماستىن ئوڭچى پارتىيىنىڭ ھامىيلىقىدا

قانۇنىي ئاساستا نامايىش ئېلىپ بارىدۇ. لېكىن كۆپلىگەن ئاۋام بۇلاردىن ھەزەر ئەيلەيدۇ. سولچىللار بولسا تېخىمۇ ئۆچ. ھەممىدىن قىزىقى گېرمانىيەدىكى ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبلىرى. بىر قېتىم بۇ تاقىر باش يېڭى ناتسىسلار هالله شەھرىدىكى ناخشىچىلار كۇلۇبى

نىڭ دەرىزىسىنىڭ بىر نەچچە ئەينىكىنى، بىنانىڭ Saengerschaft Halle

ئالدىدىكى ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چېقىۋەتتى. يەنە Burschenschaft Germania دېگەن كۇلۇبنىڭ ئەينىكىنىمۇ نەچچە قېتىم چېقىۋەتتى.چۈنكى ئۇلار بۇ كۇلۇبلارنى سولچى دەپ قارايدىكەن. ئەكسىچە سولچىلار بولسا بۇ كۇلۇبتىكىلەرنى ئوڭچى رادىكاللار دەپ ئۆچ كۆرىدۇ. ئەمىلىيەتتە بولسا بۇنداق كۇلۇبلاردىكىلەر سولچىمۇ، ئوڭچىمۇ ئەمەس ئورتودوكسال (مۆتىدىل) ئىدىيىدىكىلەر.

ياۋروپالىقلار يەھۇدىيلار مەسلىسىگە ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. (يەھۇدىيلار چېركاۋى)سى ئىككى Synagogueھەتتا بېرلىندىكى يەھۇدىلارنىڭ

تانكا بىلەن قوغدىلىدۇ. بۇ توغرىدا ھاللەدىكى كۇلۇبتا Bernd Bergmann گېرمانىيىدە ھەممە ئادەم قانۇن ئالدىدا باراۋەر. ئۇنداقتا يەھۇدىلارنىڭ چېركاۋلىرىنى ھۆكۈمەت تانكا بىلەن قوغدىسا نېمىشقا بىزنىڭ چېركاۋلىرىمىزنىمۇ تانكا بىلەن قوغدىمايدۇ؟" دېدى.

ئەنگلىيىدىمۇ ئېھتىياتچان. ھېچكىم يەھۇدىيلارنىڭ ئىشىغا چېتىلىپ قېلىشنى خالىمايدۇ. يۇقارقى 10 ياشلىق بالىنىڭ تالاش-تارتىشدا بۇ ئىشنى تەنقىد قىلغان سوتچى توغرىلىق گېزىتتە ئۇزۇن بىر ماقالا بېرىلدى. ئۇنىڭدا ئوزى يەھۇدىي تۇرۇپ..." دېيىلگەندى. بۇ گەپتىن "يەھۇدىيلار سىياسى مەسىلەردە قاتتىق سەزگۇر بولۇشى كېرەك" دېگەن مەنا چىقىدۇ. يەنە يەھۇدىيلار ھۆكۈمەتنىڭ ئەركە بالىسىدەك تۇيغۇ بېرىدۇ. يەنە بىر ماقالىدە "ھۆكۈمەت مىللەتلەرنىڭ ئىناق-ئىتتىپاق ئوتۇشى، ئوز-ئارا چۈشىنىشى، قوبۇل

قىلىشلىرىنى، مەدەنىيەتلەرنىڭ خاسلىقىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن باشقا مەدەنىيەتكە هۆرمەت قىلىشى ۋە ئۆز-ئارا قوبۇل قىلىشلىرىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. باشقىلارنىڭ يەھۇدىيلار بىلەن ئىناق-ئىتتىپاق ئۆتۈشى تەكىتلىنىدۇ-يۇ ، يەھۇدىيلار ئايرىمچىلىق قىلسا ھېچكىم ئۈندىمەيدۇ" دېيىلگەن.

ئەنگلىيىدە "راسسىت" ؟؟؟ بۇنى ئۇيغۇرچە نېمە دەيمىز؟ دېگەن سۆز ناھايىتى نازۇك ئاتالغۇ. ھەرقانچە ئىش بوپ كەتسىمۇ ھېچكىم ئۆزىنىڭ "راسسىت" ئاتىلىپ كېلىشىنى خالىمايدۇ.

**26ـ سۇئال**

نۇۋەتتە، دۆلىتىمىز ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشلىرى قانات يايدۇرۇلماقتا. دۆلىتىمىزدە 56 مىللەت ياشايدۇ. ئىناق جەمئىيەتنى ھەر قايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزـ ئارا چۈشىنىشى ۋە ئىتتىپاقلىقىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. سىز ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق، دىيارىمىزدىكى مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ غايەت زور تەرەققىيات دولقۇنىدا ، مەملىكەت ئىچى ـ سىرتىدىكى ھەر قايسى مىللەتلەر بىلەن ئەجىل ـ ئىتتىپاق ئۆتۈپ ، ئۆز ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە تەرەققىياتقا ئەرىشىشىنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە ئۆز ئەمەلىيىتىڭىز ئارقىلىق ئىجابىي تەربىيىلەرنى سۇنغان بولسىڭىز.

دۇبەيىنىڭ 80% نوپۇسى چەتئەللىك. دۇبەيدە ئادەملەر زادىلا ئۇرۇشۇپ قالمايدىكەن. ئۇرۇشۇپلا قالسا چىگرىدىن چىقىرىۋېتىدىكەن. بەلكى دۇبەي خەلپىسى ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈچۈن ئادەملەر ئارا ئىناق، تىنىچ بولغان مۇھىتنىڭ زۆرۈرلىكىنى بالدۇر ھېس قىلغان كىشىدۇر.

لوندوندا ئادەملەر 350 خىل تىلدا سۆزلىشىدۇ. لوندون دۇنيادىكى ئەڭ كۆپ مىللەتلىك شەھەر. 2004-يىلى5-ئاينىڭ 1- كۈندىن ھازىرغىچە ئەنگلىيىگە شەرقىي ياۋروپادىن كىرگەن كۆچمەنلەر 700 مىڭغا يېتىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپۈنچىسى لوندون ۋە باشقا چوڭ شەھەرلەرگە ئاقىدۇ. لېكىن مىللەتلەر ئارە جىدەل، ئازارلىشىش ئەھۋالى يوق دېيەرلىك. ئىشقا ئورۇنلىشىشتا ئىرىقچىلىق، مەدەنىيەت ئايرىمچىلىقى قىلىدىغان ئەھۋال يوق. ئەگەر بۇنداق ئەھۋال كورۈلسە، تەشۋىقات ۋاستىلىرى ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ئارقىلىق ئەخلاقىي ۋە قانۇنىي يۇسۇندا تەنقىد قىلىنىدۇ، بىر تەرەپ قىلىنىدۇ. گېرمانىيىدە ئادەملەر مىللەتچىلىكە تېخىمۇ سەزگۈر. ئۇلار نېمىس مىللەتچىلىكگە ياكى باشقىلارنىڭ مىللەتچىلىكلىرىگە قاتتىق تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئوز-ئوزىنى تەنقىد قىلىش روھىي ئۇستۈن. ئەگەر بىرسى گېرمانىيىلىك بولۇش سۈپىتى بىلەن گېرمانىيە ۋە شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەرقانداق يەرىدە " Heil Hitler (ياشىسۇن گىتلېر) دەپ قولىنى يېرىم يۇقرى كوتۈرسە ( يەنى گىتلېرغا سالام بەرگەننى دورىسا) بۇ 13 قانۇنغا خىلاپ قىلمىش بولىدۇ ۋە 6 ئايلىق رېجىمغا ئېلىنىپ، 2600 ياۋرو جەرىمانە قويۇلىدۇ.

غەرپ ئەللىرىدە بولسۇن، شەرق ئەللىرىدە بولسۇن ئىقتىساد مۇھىم تېما. نوۋەتتە ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشغا ھېچنېمە توسالغۇ بولالمايدۇ. بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ياكى پاسسىپ پوزىتسىيىدە بولۇش شۇ مىللەت ياكى جەمئىيەتنىڭ خەلقئارا سەھنىدە چەتكە قېقىلىشىنى كەلتۇرۇپ چىقىرىدۇ.

شىنجاڭ كۆپ مىللەتلىك رايون. ئىقتىسادنى يۇكسەلدۇرۇپ باشقىلار بىلەن تەڭ-باراۋەر ياشاش ئۇچۇن تىنچلىق، ئىتىپاقلىق زۆرۈر. ئەپسۇسكى جۇغراپىيىۋى، ئىقتىسادىي ۋە ئۇچۇر جەھەتتىكى بېكىنمىچىلىك، يالغۇز قېلىش تۇپەيلى (جۇملىدىن خەنزۇ ۋە باشقا ئاز

سانلىق مىللەتلەردىكى) قىسمەن ئادەملەردە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا، ۋە شۇنداقلا مەدەنىيەتنىڭ خاسلىقىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، ھۆرمەت قىلمايدىغان خاھىشلار يەنىلا مەۋجۇت. بۇ مىللەتلەرنىڭ باراۋەر، ئورتاق ياشىشىغا، شىنجاڭنى ئېچىش ۋە گۈللەندۈرۈشكە پايدىسىز.

ئۈرۈمچىدىكى ۋاقتىتا باشقا مىللەتلەر جۇملىدىن خەنزۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم ئانچە قويۇق ئەمەستى. گېرمانىيىگە چىققاندىن كېيىن ئاندىن بەزى خەنزۇ ئوقۇغۇچىلار بىلەن تونۇشتۇم، يېقىن باردى-كەلدى قىلىشتۇق. مەسلەن، بېيجىڭلىق رەسسام سۇ لېيغا ھالله شەھىرىدىكى سەنئەت ئىنستىتۇتىغا ئىلتىماس قىلىشىپ بەردىم. ھالله شەھىرىدىكى ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىگە ۋە كۇلۇبنىڭ ياتىقىغا ئورۇنلىشىشىغا ياردەم قىلدىم. (بۇ جەھەتتە كۇلۇبتىكى نېمىسلار شەخسەن مېنىڭ پىكرىمگە ھۆرمەت قىلدى. ئۇلار مىللەت مەسىلىسىدە ئالاھىدە ئېھتىيات قىلدۇ.) بېيجىڭلىق ئايال جىنيەننىڭ بېرلىندا پاسسپورتنى ئۇزارتىشىغا ئىلتىماس قىلىپ، ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى بېرلىندىن ھالله شەھرىگە ئاپىرىپ بەردىم. جىن يەن، سۇي لىلارنىڭ نېمىس تىلى ئىمتىھانىسىغا تەكرار قىلىشىپ بەردىم، ئائىلە ماجىراسى بولغاندا روھىي جەھەتتىن مەدەت بەردىم. بېيجىڭغا بارغاندا مېنى جىن يەن كۈتۈۋالدى، ياتىقىنى بەردى ۋە ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا ئاپىرىپ مېھمان قىلدى. چىڭدۇلۇق دوكتۇر خو بۇ بىلەن دوستانە مۇناسىۋەت قۇردۇق.جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى ۋە مىللەتلەر مەسلىسى ئۇستىدە ئىزدەندۇق (ئۇ شىنجاڭدا مىللىي مەسلىنىڭ مەۋجۇتلىقىدىن خەۋەرسىزكەن.) ۋە ئورتاق تونۇشقا كەلدۇق. شىئەنلىك ۋاڭ بىڭجو بىلەن قىين كۈنلەردە ھەمدەمدە بولدۇق ۋە ھازىرغا قەدەر (گەرچە ئىككى دۆلەتتە بولساقمۇ) يېقىن ئالاقە قىلىپ كېلىۋاتىمىز. لوندوندا يەنە چىڭ دۇلۇق ئاكا-ئۇكا بىلەن بىر يىلغا يېقىن بىرگە تۇردۇق. مەن ئۇلاردىن سىچۈەنچە تاماق قىلىشنى ئۈگەندىم. يەنە

بېرلىندىكى ئوقۇغۇچىلار كۇلۇبىنىڭ ئەزاسى مانۇئېلغا شاڭخەيدىكى ماياك ئىمپورت-ئېكسپورت شىركىتىدە پراكتىكا قىلىشقا ياردەم قىلدىم. شۇ باھانىدا ماياك شىركىتى گېرمانىيىدە شوبە شىركەت قۇردى ۋە مانۇئېلنى ئىشلەتتى.
يۇقۇرقى سوئال لى ۋە مانۇئېللار ئارقىلىق مەن بەزى نېمىسلار بىلەن خەنزۇلارنىڭ ئۆز-ئارا چۈشىنىشىگىمۇ مۇئەييەن تۆھپە قوشتۇم. مەنمۇ ئۇلارغا ياردەم قىلدىم، ئۇلارمۇ ماڭا ياردەم قىلدى. بىز بۇ يەردە مۇھىمى ئۆز-ئارا ھۆرمەت قىلىپ، خاسلىقنى ساقلاپ، ئورتاقلىقنى كۈچەيتتۇق. مەيلى نېمىسلار بولسۇن، خەنزۇلار بولسۇن مېنىڭ مۇسۇلمانلىقىمنى ھۆرمەت قىلدۇ. مەنمۇ ئۇلارنىڭ بەزى مەدەنىيەت ۋە پىسخىك جەھەتتىكى ئۆزگىچىلىكىگە ھۆرمەت قىلىمەن.

شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى ئۇچۇن ئىچكى ۋە تاشقى جەھەتتىن مىللەتلەرنىڭ ئۆز-ئارا ئىتتىپاقلىقنى شەكىل جەھەتتىنلا تەكىتلىمەستىن، ماھىيەتتىن تونۇپ يېتىپ ئۇنى ئەمەلىيلەشتۇرۇش زۆرۈر.

## 29- سوئال

چەتئەل كۆرگەنلەر ئۆز مىللىتىنىڭ ئومۇمىي خاراقتەرى، پىسخىك ساپاسى، رىقابەتچانلىقى، ماسلىشىشى، پىكىر قىلىش ئادىتى، ھايات قارىشى ھەققىدە يېڭى چۈشەنچىلەرگە ئىگە بولىدۇ. بۇ سوھبەتتە مۇشۇلارنىمۇ ئاڭلاپ باقساق.

(بۇ سوئالنى ئەسلى بىزنى كۆرگەن چەتئەللىكلەردىن سوراش لازىمكەندۇق. ئۇلار بىر قەدەر ئوبىكتىپ جاۋاپ بېرىشى مۇمكىن ئىدى.) ئومۇمەن چەتئەلدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز-ئارا مۇناسىۋىتىدىن ئېيتقاندا بىز تېخى بالىلىق دەۋرىدە تۇرىمىز. پىسخىك ساپايىمىز

تۇۋەن.

ماسلىششىمىز يۇقىرى. پىكىر قىلىشتا چىچىلاڭغۇ، سوبىكتىپ مۇناسىۋەتتە سەممىيەتسىز. ھايات قارىشى جەھەتتىن گېرمانىيىلىك ياكى ئەنگلىيىلىكلەرگە قارىغاندا كەڭ قورساق، روھىي ئامىللارغىمۇ ئېتىبار بېرىمىز. بۇ بەلكى بىزنىڭ ئىقتىساد ۋە قانۇن ئېڭىمىزنىڭ تۆۋەنلىكى ، شۇ نداقلا دىنىي ئېتىقادىمىز تۈپەيلى بولۇشى مۇمكىن. ئومومىي جەھەتتىن ئېيتقاندا رىقابەتچان ئەمەس، تېخى يېتەرلىك رىقابەت ئېڭى يېتىلمىدى.

## 30ـ سوئال

سوھبەتداشلارنىڭ ئۆگىنىش ئۇسۇلى، بولۇپمۇ چەتئەل تىلىنى ئۆگىنىشتىكى تەجرىبىسى ۋە باشقىلارغا قىلىدىغان تەۋسىيىسىنى ئاڭلاپ باققان بولساق.

(ئۆتكەندە بىر مۇخبىر تۆۋەندىكىدەك سوئال سورىدى. مەن شۇ سوئالنى جورىدىگەن ھالدا تىل ئۆگىنىش جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىمنى بايان قىلاي)

سوئال: چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن ئادەتتە تىل ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن قانچىلىك ۋاقىت سارىپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ؟ سىز بىلىدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تىل ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئەڭ ئاز ۋاقىت سارىپ قىلغانلار بىلەن، ئەڭ كۆپ ۋاقىت سەرىپ قىلغانلار ئايرىم ئايرىم ھالدا قانچىلىك ۋاقىت سەرىپ قىلغان؟ تىل ئۆتكەلدىن تېز ئۆتۈش ۋە تېز ئۆتەلمەسلىكنىڭ سەۋەبى سىزنىڭچە نېمە؟

جاۋاب:

تىل ئاساسىي بولماي چەتئەلگە چىققاندىن كېيىن نۆلدىن باشلاشقا توغرا كەلسە، مېنىڭچە تىل ئۆتكەلدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر يېرىم يىل سەرپ قىلىنسا مۇۋاپىق بولىدۇ.

ئىمتىھانى، DSH(ئەلۋەتتە گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرى تەلەپ قىلىدىغان ئىمتىھاننىڭ قۇرۇلمىسى، TOEFL ئىمتىھانى ۋە ئامېرىكىنىڭ IELTSئەنگىلىيىنىڭ مۇرەككەپلىك دەرىجىسى يۇزدە يۇزئوخشاش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىر تىل بىلەن يەنە بىر تىلنىڭ گىراممماتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرى توپەيلى بۇ ئىككى تىلنىڭ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشكە كېتىدىغان ۋاقىت جەھەتتە ئازدۇر-كۆپتۇر پەرق بولۇشىمۇ مۇمكىن.) مەن بىلىدىغانلار ئىچىدە تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ئاز ۋاقىت سەرپ قىلغانلارغا بىر يىل، كۆپ سەرپ قىلغانلىرىغا ئۈچ يىل ۋاقىت كەتتى.(لېكىن گېرمانىيىدە ئومۇمەن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش ئۈچۈن بېرىلگەن ۋاقىت ئىككى يىل. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە بەزى شتاتلاردا ۋىزا بەرمەيدۇ.) مېنىڭچە تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتۈشنىڭ سەۋەبى:

كىرزىس تۇيغۇسى بولۇش

قىزغىنلىق بولۇش

مۇييەن ئىقتىسادىي بېسىم بولۇش

شۇ دۆلەت، مىللەتنىڭ مەدەنىيىتىگە ھۆرمەت، ئىشتىياق بولۇش

بېسىپ ئولتۇرالايدىغان بولۇش

لوغەت ئاختۇرۇشتىن زېرىكمەسلىك

تىل ئۆتكىلىدىن تېز ئۆتەلمەسلىكنىڭ سەۋەبلىرى:

جىددىيچىلىك تۇيغۇسى بولماسلىق

ئۆز مىللىتى ياكى ئۆز دۆلىتىدىكىلەر بىلەن بىللە تۇرۇش

ئىش ۋە باشقا سەۋەبلىك يېتەرلىك ۋاقىت ئاجراتماسلىق

دەم ئېلىپ ئۆز دۆلىتىگە كېتىش

ئۆگىنىش ئۈزلۈكسىز بولماسلىق( ھەپتە ئاخىرلىرى، ياكى تەتىللەردە تەكرار قىلماسلىق)

پاسسىپ بولۇش( يەنى تىل ئۆگىنىشنى ۋەزىپە قاتارىدا كۆرۈش)

خاتا سۆزلەپ قويۇشتىن قورقۇش

ئۇنتۇپ قېلىشتىن قورقۇش

تەرجىمە قىلىپ ئۆگىنىش

تىل ئۆگىنىش خۇددى خەقنىڭ بالىسىغا قارىغانغا ئوخشايدۇ. ئەگەر ئۇ بالىغا كۆڭۈل بولمىسە ،بالا يىغلاپ قەغىش قىلىدۇ. بۇ ئەلۋەتتە باققۇچىنىڭمۇ بېشىنى ئاغرىتىدۇ. ئەگەر بالا باققۇچى سۈنئىي ھالدا بولسىمۇ ئۇ بالىغا كۆيۈنۈپ ئۇنى ئەركىلەتسە ئۇ بالا بالا باققۇچى بىلەن ئوينايدۇ. نەتىجىدە بالا باققۇچىمۇ كۆڭۈللۈك ھېس قىلىدۇ. تىلنى ۋەزىپە قاتارىدا كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئىشتىياق بولمىسا ، ئۇ چاغدا ئۇ تىلنى ئۆگىنىپ بىر باشقا ئەپچىقماق بىر زۇلۇم بولىدۇ. روسلار نېمىس تىلىنى "ئىت قاۋىغاندەك ئاڭلىنىدۇ" دەيدىكەن. بەلكى بۇ ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى تارىخىي ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىندۇر. ئەمەلىيەتتە نېمىس تىلى ماڭا ناھايىتى مېلودىيىلىك ئاڭلىنىدۇ.

تىل ئۆگىنىشتە پەقەت بىرلا قائىدە بار: قازانغا نېمە سالسا، چۆمۈچكە شۇ چىقىدۇ. بىر سائەت ۋاقىت سەرپ قىلغان بولسا بىر سائەتلىك ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. قانداقتۇر بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمدىن ئەقىللىق، چىچەن بولغانلىقى ئۈچۈن ئاسان ئۆگىنىۋالىدىغان ئىش يوق. چۈنكى ئۇ لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىشنى تەلەپ قىلمايدۇ ، بەلكى كۆپرەك ئەستە تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن كاللىسى نورمال ئادەم بولسىلا كۇپايە.

مېنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى پىرىنسىپىم:

تاللىماسلىق - دۇچ كەلگەن ھەربىر سۆزنى بوش قويۇۋەتمەسلىك، تېلېۋىزور ۋە كوچىلاردىكى ھەرقانداق ئېلاننى چۈشىنىشكە تىرىشىش.

ئۇ تىلنى ئانا تىل سۈپىتىدە سۆزلەيدىغان ھەرقانداق ئادەم مېنىڭ تىل ئوقۇتقۇچۇم.

ئاشۇ تىلنى ئانا تىل سۈپىتىدە سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ماڭا ياردەم بېرىش مەسئۇلىيتى بار.(چۈنكى مەن ئۇ تىلنى ياخشى بىلسەم، راۋان سۆزلىسەم بۇ مەن ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۇلار ئۈچۈنمۇ ياخشى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق تاشقى دۇنيا بىلەن بىمالال ئالاقىلىشالايدۇ.) شۇڭا ئاياپ ئولتۇرماي سوراش كېرەك.

مېنىڭ چوقۇم توغرا سۆزلەش مەجبۇرىيتىم يوق.

(تۆۋەندە بىر ئاغىنەم بىلەن قىلغان تىل ئۆگىنىش توغرىسىدىكى دىئالوگنى قوشۇمچە قىلدىم.)

ر: سەن بەدەن چېنىقتۇرىمەن دېگۈچە ئىنگلىزچە ئۆگەنسەڭ بولمامدۇ؟ ھېچ بولمىسا دىن ئۆتۈپ قويساڭ، كەسپىڭمۇ شۇنى تەلەپ قىلغاندىكىن. TOEFL

ئا: ھەي-ي! شۇ ئەمەسمۇ. ئارمانغا تۇشلۇق دارمان يوق. ئىنگلىزچىنى بىر ئومۇر ئۆگىنەلمەي بىر ئومۇر پۇشايمان بىلەن ئۆتۈپ كېتىدىغان ئوخشايمان! ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىش يوق، ئىشتىن چۈشۈ پىلا بەدەن چېنىقتۇرۇش سارىيغا چىقىپ ئىككى سائەت ئەتراپىدا بەدەن چېنىقتۇرىمەن !

ر: تىل ئۆگىنىدىغانغا سېنىڭ شارائىتىڭ تازا بولىدۇ، ئىشخانىدا، ياتاقتا يالغۇز.

ئا: مەنمۇ ئاشۇنداق ئويلايمەن!

ر: باراي دىسەڭ يەر يوق. ئويناي دىسەڭ ئويۇن يوق. ئوزەڭ بىلەن ئوزۇڭ تازا غا ئىمتىھان بەرگۇدەك بولۇپ قالسەن.TOEFLئۈگەنمەمسەن؟ 6 ئاي چىلك تۇتساڭ

ئا: بىراق كىتاپنى ئېلىپلا نەچچە سۆز ئوگىنىپ ئىچىم پۇشۇ پ تورغا چىقىپ، يوقلاڭ ئىشلار بىلەن ۋاقتنى ئوتكۇزىمەن. سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولىدىغان ئىش بولسا بىر يىل چىلك تۇتۇپ ئۆگەنسەمۇ بولاتتى دېگىنە!

ر: سەن شۇ ئېپىنى تاپالمايۋاتسەن. بىرلا كىرىشۋالدىڭمۇ، كىرىپلا كېتەتتىڭ. ئۇ تەسمۇ ئىش ئەمەس. پەقەت بىر ئىككى ئايلا ۋاقت كېتىدۇ. بۇ پەقەت بىر پىسخك جەريان.

ئا: شۇ پىسخك جەرياننى يېتىلدۇرۇشكە سەن يا ياردەم قىلمىدىڭ!

ر: رومان بىلەن خام سۆزنى ئېلىپ ماڭساڭ ئوبدان بولىدۇ. خەنزۇچە تۈزۈلگەن مەخسۇس ئوگىنىش ماتىريالىرى ھازىر ساڭا تازا ماس كەلمەيدۇ، مەكتەپ بولمىغاندىكىن. گرامماتىكىنى ئايرىم كۆرۈپ، سۆزلۈلكلەرنى كىتاپ ئوقۇغاچ ئۆگەنمەمسەن؟

ئا: ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. 10 يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ كۇنلاردە مۇشۇ خىزمەتكە ئائىت بىرنەرسنى تەرجىمە قىلىپ مەجبۇرى ئوگەنگەن ئىدىم، خېلى ئۇنۇمى بولغان ئىدى! ھازىر ئاشۇنداق بېسىم قىلىدىغان ئادەام يوق ماڭا.

ر: گېپىمنى ئاڭلا، سەن قىلالايسەن.ساڭا ئوزەمنىڭ ئۇسۇلنى دەپ بەرسەم شۇ بويىچە سىناپ باقساڭ بولىدۇ. سېنىڭكىدەك ئۆگىنىش شارائىتى خېلى ئادەملەردە يوق. سەن شۇ نچە ۋاقتنى بىكارلا زېرىكىپ ئۆتكۇزۇۋەتتىڭ. ئەگەر تىل ئۆگەنسەڭ ۋاقت يېتۇشتۇرەلمەي قالسەن ئوزەڭگە.

ئا: 10 يىل دېگىنە! ئالتۇندەك ئۆگىنىش پۇرستى ئۇ؟! ئەمدى بولسىمۇ بىر نەرسە ئۆگىنەي، بىر ئىش قىلاي دەيمەن، نەدىن باشلاشنى بىلەلمەيۋاتىمدىم!شۇ ئەمسۇ مۇشۇ قېتىم مائاش ئىسلاھاتىدا ئوزۇمنىڭ يەنە بىر خارلانغىنىمنى ھېس قىلدىم!

ر: ئامال بار خەنزۇچىسى يوق كىتاپ تاپ. بولسا گراممماتىكا كىتاپ بولسۇن.گراماتىكىغا ياخشىسى خەنزۇچە ئارلاشمىغان بولغىنى ياخشى، بولمىسا ئىچىڭنى پۇشۇرۇپ قويىدۇ ، ھەم خەنزۇچە ئاتالغۇلار بىلەن كاللاڭنى قالايمىغان قىلىۋېتىدۇ.

ئا: ماۋۇ گەپىڭ بولدۇ! سان دېگەندەك بىۋاستە بىر ئىنگلىزچە ماتىريال بولسا بىر ئاز ياخشىمىكىن دەپ ھېس قىلىپ قالدىم!

ر: ساپ ئىنگلىزچە بولسا كۆپ ياخشى. ئاندىن سەن ئاددىيراق رومادىن باشلا. ھېلىكى قىزىل تاشلىق English-Chinese,Chinese-English Pocket Dictionary باردۇ يېنىڭدا؟

ئا: شۇ ھازىر مەندە بارى پۈتۈنلەي خەنزۇچە ماتېرىيال! ھېكايە ئوقۇسام بولمامدۇ؟!

ر: ھېكايىمۇ بولىدۇ. بولسا ئۇزۇن بولسا ، سەن باش-ئاخىرىنى چۈشىنىپ ۋەقەلىككە كىرىپ ماڭساڭ، بىر نىمىنى بىلىۋاتقانلىقىڭنى ھېس قىلىپ ئوزەڭدە مۇئەييەنلەشتۈرۈش تۇيغۇسى بولىدۇ. سېنىڭ داۋاملىق ئىلھاملىنىپ تۇرۇشۇڭ ئۈچۈن بۇ خېلى مۇھىم.

تۇۋەندىكىسى قانداق ئۆگىنىش توغرىلىق تەكلىۋىم:

1. سەن بىر يانچۇق دەپتىرى تۇت. بۇنىڭغا ھەر كۈنى ئۇچرىغان خام سۆزلەرنى يېزىپ ماڭ.( ئۇنى خالىغان نەرسىگە يېزىۋېلىپ ئاندىن دەپتىرىڭگە رەتلىك كۆچۈرۈۋالساڭ بولىدۇ. مەن ئادەتتە پارچە-پۇرات قەغەزلەرگە، قەغەز بولمىسا، قولۇمنىڭ دۈمبىسىگە يېزىۋالىمەن . ئاندىن ياتاققا كىرگەندە ئۇلارنى دەپتەرگە بىر -بىرلەپ لوغەت ئاختۇرغاچ كۆچۈرىمەن.) قايسى ۋاقىت مۇۋاپىق بولسا، ئەتىسى ياكى كەچتە ئۇنى يېزىپ، يادلاپ ئۆگەن. ئاندىن ئىككىنچى كۈنى چوقۇم قايتا مەشىق قىل. يەنە ھەر ھەپتىدە بىر ھەپتىلىك خام سۆزلەرگە قايتا بىر قاراپ چىق، بۇ بەك مۇھىم.

كۈندىلىك ئۆگەنگەن سۆزلىرىڭ 40 تىن ئېشىپ كەتمىسۇن. (بولسا بايدا ؟؟؟ بۇ نىمە

گەپكىن؟ يەنە بىر تەكرار قىل ئۆگەنگىنىڭنى.)

ئا: بىر ھەپتىدىما؟!

 بولسۇن. توردىكى concise english-chinese dictionaryر: يېنىڭدا ھېلىقى

لوغەتكە قاراپ يۈرمە. كۆندە ئوزەڭ كوزۈڭگە بەكرەك چېلىققان سۆزلەرنى شۇ دەپتەرگە

چىسلا بىلەن رەتلىك يېزىپ ماڭ. تەرجىمىسنى ئوزەڭ بىلگەنچە، ياكى ئىنگلىزچىسىنى

يازساڭمۇ بولىدۇ.( مەن قىسقا دەپ خەنزۇچىسىنى يازىمەن.)

2. لوغەت ئاختۇرۇشتىن ھەرگىزمۇ قاچما. ئادەم بەزى سۆزلەرنى ھامىنى ئۇنتۇپ

قالىدۇ. بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق. لېكىن قېرىشىپ تۇرۇپ ئۇنتۇپ قالساڭمۇ قايتا-قايتا

ئاختۇر. (ئەگەر بىر سۆزنى ئەسلىيەلمىسەڭ ، لېكىن ئۇنى بۇرۇن ئۆگەنگىنىڭ ئېسىڭدە

بولسا، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى شۇ دەپتىرىڭدىن ئاختۇر. مېنىڭچە بۇنىڭ لوغەتتىن

ئاختۇرغانغا قارىغاندا مۇئەييەن تەسىرى بولىدۇ.) مەن بىر سۆزنى 10 نەچچە قېتىممۇ

ئاختۇرغان بىر كۆندە. مېنىڭچە ئادەم بىر سۆزنى ئۈچ قېتىم ئۆگەنگەندە ئۇ سۆز

ئادەمنىڭ ئېسىدىن چىقىپ كەتمەيدۇ. بىر قېتىم ئۆگەنگەندە ئادەم پەقەت ئۇ سۆزنى

ئىشقىلىپ بىر ئۆگەنگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىش مۇمكىن. ئىككىنچى قېتىم ئۆگەنگەندە ئۇ

سۆزنىڭ مەنىسى دەماللىققا ئېسىگە كېلىشى ناتايىن، گەرچە ئۇسۆز شۇ نچە تونۇشتەك،

تىلىڭنىڭ ئۇچىدىلا تۇرغان بىلەن. ئۈچىنچى قېتىم ئۆگەنگەندىن كېيىنلا ئۇسۆزنى قايتا

كورسە مەنىسىمۇ دەماللىققا ئېسىگە كېلىشى مۇمكىن. مۇشۇنداق ئۈچ قېتىم ئۆگەنسەڭ

ئاندىن كىتاپ ئوقۇش ئارقىلىق ئۇسۆزكۆزۈڭگە دائىم قەلىقىپ تۇرسا ئاندىن ئېسىڭدە

قالىدۇ ۋە ئۇنتۇپ قالمايسەن. بىر سۆزنى بىر سائەتتىن يادىلىساڭمۇ كېيىن قايتا

تەكرارلىمساڭ ياكى كورمىسەڭ ئۇ ھەرگىزمۇ ئېسىڭدە تۇرمايدۇ. كۆچەپ يادلاپ، كېيىن

تەكرار قىلمىساڭ بەربىر بىكار. شۇڭا ئۇزۇن رومان ئوقۇساڭ ياخشى دېگىنىم. رومان

ئوقۇساڭ جۈملە قۇرۇلمىسى ئاسانراق كاللاڭدا ئورنىلىشىدۇ. ھەم ئۇ تىل مۇھىتىغا

ئىشىكرەك كۆنسەن. پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىكى قىسقا نەرسىلەر بىلەن بۇنىڭغا يەتمەك مۇشكۇل.

ئا: ھە، دىمەكچى بولغىنىڭ، "خەلق گېزىتى"نىڭ ئىنگلىزچە قىسمى دېگەنلەر بولمايدۇ، شۇنداقمۇ؟

ر: "خەلق گېزىتى" گە ئوخشاش گېزىتلەر دەماللىققا ياخشى بولمامدىكىن. نېمىشقا دىسەڭ، ئۇنىڭ جۈملە شەكلى ئالاھىدە قوراشتۇرۇلغان، بىر قەدەر مۇرەككەپ. ئۇنىڭ ئۇستىگە گېزىت خەۋەرلىرى ئېغىز تىلىدىن يىراق . سەن ئىمتىھان ئۈچۈن ئۇنىڭ جۈملە شەكلىنى لازىم قىلىپ كەتمەيسەن. لېكىن ئۇنى چۈشىنىش ئەلۋەتتە مۇھىم. مەيلى (ئوقۇش) قىسمىدىكى readingئىنگلىزچە ياكى نېمىسچىنىڭ تىل ئىمتىھانلىرىدىكى تېكىستلەر ئاساسلىقى ئىلمىي ماقالىلەردىن ئۈزۈپ ئېلىندۇ.

3. گىراممatىكىنى باشتىن ئاياغ بىر كۆر. بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى زامان شەكلى. بۇنى ئەگەر خەنزۇچىدىن كورمىسەڭلا ئويغۇرچىغا سېلىشتۇرۇپ بىر ئايدا مۇكەممەل ئىشلىتەلەيدىغان بولىسەن. ئىككىنچى مۇھىم نەرسە، بولۇپمۇ ئىنگلىز تىلىدىكى باش . بۇنى چوقۇم يادلاپ ھەم مىسال جۈملە بىلەن Phrasal Verbsئاغرىتىدىغا نەرسە - مەشىق قىلىپ ئۆگەنمىسە بولمايدۇ. ئۇنىڭغا تەسەۋۋۇر دەسلەپكى قەدەمدە ئانچە ئىشلەپ كەتمەيدۇ. كېيىن ئۇستا بولۇپ كەتسەڭ ئۆزەڭمۇ ئانچە-مۇنچە قىياس بىلەن، Phrasal Verbsقىلالايدىغان بولىسەن. 100-150 چە دائىم ئىشلىتىلىدىغان Phrasalپېئىللار بىلەن ئالدى نقوشۇلغۇچىلار بېرىكىپ كېلىشىنىمۇ يادلاش كېرەك. ( چوقۇم مۇقىم يەنە بىر سۆزنى تەلەپ قىلىدىغان، لېكىن بۇ ئىككى سۆزنىڭ Verb لېكسىلىق مەنىسىدىن تامامەن باشقا بىر مەنە بېرىدىغان قوشما پېئىللارنى كورستىدۇ. مەسىلەن:get on, bite in, work off, put up, pull back, stand fo

...دېگەندەك) بۇلارنى ( ئۇ بەزى كىتاپلاردا بار، بەزى لوغەتلەرنىڭ ئارقىسىدىمۇ بولىدۇ.) قەغەزگە ئۇرۇپ چىقىرىپ كارۋىتىڭىزنىڭ بېشىغا، ھاجەتخانىنىڭ تېمىغا چاپلاپ قويى. ھەم مۇنتىزىم يادلاپ ئۆگەن. بۇنىڭدىن باشقا يول يوق. بولمىسا بىر ئومۇر تامغا ئۇسۇپلا يۇرۇيسەن ھەر قېتىم ئۇنى ئىشلەتمەك بولغاندا. يەنە يۇز پېئىلنى ئالدى قوشۇلغۇچى بىلەن مۇنتىزىم ، خاتاسىز ئىشلىتەلەيدىغان بولساڭ، سېنىڭ ئىشىڭ پۇننى دېگەن گەپ. دەسلەپ ئوگىنىشكە كىرىشكەندە ئازراق ئېغىر تۇيۇلىشى مۇمكىن. لېكىن بىرلا ئوگىنىشكە كىرىشۋالساڭ ئۆگەنسەڭ ئۆگەنگىڭ كېلىدۇ.

ئا: ھە، ئانچە-مۇنچە چۈشەندىم ، نېمىلا دېگەن بىلەن كاللام بىر خىل ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. بۇرۇنراق مۇشۇنداق تەپسىلي چۈشەندۇرسەڭ بولماسمىدى.مەن نى ئېلىۋالسام بولامدۇ؟ 最新英汉小词典ئادەتتە

ر: ئۇنىڭ قانداقلىقىنى بىلمەيمەن. ئىشقىلىپ ئاشۇ مەن دېگەن لوغەت ئىنگلىزچىنى Longmanمۇكەممەل ئوگىنىشكە يېتىدۇ. ئاندىن ياتاق ياكى ئىشخاناڭدا چوڭ بولسۇن. بۇ لوغەت نوچى! Contemporary English-Chinese Dictionary ئاۋۋال ئىنگلىزچە تەپسىلي چۈشەندۇرۇپ ئاندىن خەنزۇچە قىسقىلا تەرجىمىسىنى بېرىدۇ. ئۇ لوغەتتىن خەت ئىزدىسەڭ ئاۋۋال ئىنگلىزچىسىنى تەپسىلي ئوقۇ، چۈشەنمىسەڭ ئاندىن خەنزۇچىسىگە قارا. چۈنكى بەزى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى ئىككىنچى تىلدا ئەينەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇ. شۇڭا زورۇقۇپ ئۇنى تەسۋىرى خاراكتېرلىك ئىپادىلەيدۇ. لېكىن ھەرقانداق سۆزنى شۇ تىلنىڭ ئۆزىدا ئېنىق، دەل ئىزاھلاپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئەگەر چۈشىنىش ئىمكانىيىتىلا بولسا، مەلۇم سۆزنىڭ تەرجىمىسىنى (ئىخچام، قىسقا ، ئېنىق بولسىمۇ) كۆرمەستىن ئەسلى تىلدىكى ئىزاھاتىنى كۆرۈشكە تىرىشىش كېرەك. يانچۇق لوغىتى بىلەن بۇ چوڭ لوغەت--مۇشۇ ئىككى لوغەت بىر ئۆمۈر يېتىدۇ. ئېلېكترون لۇغەت ياكى كومپيۇتېردا ئىشلەتكىلى بولىدىغان لوغەتلەرنى ئالما.

ئا: ھە مەن تېخى ئاشۇ ئېلېكترون لۇغەت يېنىمدا ئەلىۋالسام نىمە دەاپ بولمايدۇ ؟ دىمەكچى ئىدىم.

ر: ئۇ نەرسىنىڭ مۇنداق بىر تەرىپى بار. سەن ئۇ يېنىڭدا بولسا دائىملا بىلمىگەن خەت ئۇچرىسىلا شۇنىڭغا قارىۋالسەن، لېكىن كىتاپ كورمسەڭ ئۇنى دائىم ئېچىپ خەت يادلىشىڭ ناتايىن. ئۇنى ئاچقاندا ئۇنىڭ پەقەت بىر تالاي خەنزۇچە تەرجىمىسىلا چىقىدۇ. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدى كەينىدىكى سۆزلەرنى كورەلمەيسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ تېخنىكىلىق نەرسە. پىسخىك جەھەتىن سوغۇق. ئەگەر يانچۇق لوغەتنى ئىشلەتسەڭ ئاشۇ ئىزدىمەكچى بولغان سۆزۇڭنى كۆرۈشتىن سىرت، تەبئىيى ھالدا ئۇنىڭ ئۇستى ۋە ئاستىدىكى سۆزگە قاراپ سالىسەن. ھەم دائىم ئاختۇرۇۋەرگەنىدىكىن بەت بېشىدىكى سۆزلەرگە تەبىي ھالدا كوزۇڭ پىشىپ قالىدۇ. بەزىلىرىنى يېرىم ئېسىڭگە ئېلىپ، قالغىنىنى ئالالمىساڭ دەماللىققىلا قاراپ قويىسەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ لوغەت تۇتقىلى، سىلىغىلى بولىدىغان نەرسە، پىسخىك جەھەتتىن ئادەمنىڭ مايىللىقىنى ئېلېكترون لۇغەتكە قارىغاندا ئاسانراق تارتىدۇ.

شۇڭا مېنىڭچە يەنىلا ئاشۇ ئەنئەنىۋى ئۇسۇل ئەڭ ياخشى.

ئا: ھە، چۇشەندىم!

ر: ئاندىن رومان ئال. بولسا ھېمىڭۋاي دېگەن يازغۇچىنىڭكىنى ئال. ئۇنىڭ جۇملىرى ئاددىي، ئىخچام، چۇشىنىشلىك. ۋەقەلەر ئېنىق، ئوقۇساڭ زېرىكىپ قالمايسەن. بۇ ئىنگلىز تىلى ئۆگەنگۇچىلەر ئۇچۇن ياخشى.

ئا: قولۇمدا ھازىر خەنزۇچە " practical skills of fast translation from English into Chinese " دېگەن بىر كىچىك كىتاپ بار. ئۇنىڭ پايدىسى بولامدۇ؟!

ر: تىل ئۆگەنگەندە مۇمكىن قەدەر تەرجىمە قىلماي ئۆگەنگەن ياخشى. تەرجىمە ئەڭ

زىيانلىق. تەرجىمە قىلماي ئامال بار شۇ تىل بويىچىلا مەنىسىنى ئىدراك قىلىشقا تىرىش. پەقەت گراماتىكىدا زامان شەكىللىرىنى ئۆيغۇرچىغا تەدبىقلاپ ( خىيالەن) ئۆگەنسەڭ بولىدۇ. بولمىسا ھەرگىزمۇ تەرجىمە قىلىپ سالما. ئىنگلىزچىدىن خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلغان نەرسىلەر بىز ئۇچۇن تېخىمۇ پايدىسىز. قۇرۇلماجەھەتتىن خەنزۇچە بىزنىڭ تەپەككۇرىمىزغا ئىنگلىزچىدىنمۇ يىراق. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم مۇنداق. سەن ئىنگلىزچىنى ئەمدى ئۆگىنىۋاتىسەن. كاللاڭدىكى ئىنگلىزچە تەپەككۇر ئاجىز. سەن خەنزۇچىنى ياخشى بىلىسەن. ئۇ كاللاڭدا مۇقىم ئورناشقان. ئەگەر سەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتقاندا بىر ئابزاس نەرسىنى خەنزۇچىگە تەرجىمە قىلساڭ، خەنزۇچە تەپەككۇر ئەمدىلەتىن كاللاڭ يۇقۇملىنىۋاتقان ئىنگلىزچە تەپەككۇرنى تەبىكى چەتكە قاقىدۇ، بۇنىڭدا ئىنگلىزچە مەغلۇب بولۇپ چېكىنىپ چىقىدۇ. سەن ئۇنى قايتۇرۇپ كاللاڭغا قايتا ( كىتاپ جازىسىدىكى ئورنىدەك ) ئىزنالاشتۇرغىچە يەنە باشقىدىن بىر ھەسسە تىرىشچانلىق كورسەتمىسەڭ بولمايدۇ. بۇ چاقچاق قىلىدىغان نەرسە ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى سەن چەت تىلى ئۆگىنىۋاتقاندا زادى باشقا تىلدا سۆزلىمەسلىككە تىرىش ( يەنە كېلىپ ئانا تىلدا).

ئا: ئانا تىلدا، خەنزۇ تىلدا سۆزلەشمايدىغان بۇ گېرمانىيە ياكى ئەنگلىيە ئەمەس !

ر: چەتئەلدە تىل ئۆگىنىشنىڭ بىردىن بىر ئارتۇقچىلىقى ( يەنى ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقى ) مۇشۇ ئانا تىل مۇھىتىدىن، ياكى ، ئىككىنچى بىر پىششىق بولغان تىلنى ئىشلىتىش مۇھىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلىقتىن ئىبارەت. ئۇ يەردە باشقىلار بىلەن سۆزلىشىش پۇرسىتىنىڭ كۆپ بولۇشى ھەرگىزمۇ ئاساسىي ئارتۇقچىلىك ئەمەس. مەنمۇ نېمىسچىنى 6 ئاي ئىشكنى يېپىپ قويۇپ ئۆگەنگەن. ئۇنى ئۇرۇمچىدىمۇ قىلغىلى بولاتتى ھېچ قىينالمايلا.

ئا: بىزۇ جەھەتتىكى مۇھىت مەندە يوقكەن، بۇنى قانداق تولدۇرۇشۇم كېرەك؟

ر: بۇنىڭغا باشقا ئامال يوق. پەقەت رادىئو ئاڭلاپ بەر. ئاندىن ئاڭلاپ مەشىق قىلدىغانغا بىر نەچچە پلاستىنكا ئېلىپ شۇ نى توختىماي تىڭشا. بولسا ئۇزۇن بىر نەچچە تېكستنى يادقا ئال. بۇ يەنە بىر ياخشى ئۇسۇل. بۇنىڭدا ئاھاڭ بىلەن جۇملە قۇرۇلمىسىغا پىششەن. گرامماتىكا كىتابىدىن ئۆگەنگىنىڭ ئەقلىي نەرسە. ئەمدى نورمال تۇرمۇشقا يېقىنراق بىر نەچچە تېكستنى يادلىساڭ جۇملە قۇرۇلمىرى كاللاڭغا ئاپتوماتىك ھالدا كېلىدۇ. ئىشلەتكەندە نەدىن تېرىپ كېلىپ، قانداق قوراشتۇرارمەن دەپ ئويلىشىپ يۈرمەيسەن.

ئا: مەندە يەنە " AAA English " دېگەن بىر يۈرۈش كىتاپ بار. ئۇ سۆزلەشنى مەشىق قىلىشقا ياردىمى بولارمىش. ئۇنى ئىشلىتەيمۇ، قانداق قىلاي؟!

ر: بولسىغۇ ئۇنى يادلىساڭ بولىدۇ. ئۇنىڭدا تايىنلىق دىئالوگ بار. ئۇنى يادلاش ساڭا خوش ياقمايدۇ ھازىر. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ كىتاپلاردا نەقلا تەرجىمىسى بىللە، ئۇنىڭغا قارىمايمۇ قۇتۇلالمايسەن.

ئا: شۇنداق، ئۇنىڭدا دىئالوگ بەك جىق.

ر: تۇرمۇش دېگەندە دىئالوگدىن نەچچە مىڭ خىلى بار. گەپ ئۇنىڭ يىلتىزىنى تۇتۇش - پروگراممىا تۈزگەنگە ئوخشاش، ئاندىن ئوزەڭ خالىغانچە دىئالوگ تۈزۈش. گەپ يەنىلا شۇ قۇرۇلمىدا. گراممىاتىكىدا ئوزەڭگە ئىشەنچىڭ بولسا ئاغزىڭغا كەلگىنچە سۆزلىمەمسەن. خەقنىڭ تۈزۈپ بەرگەن نەرسىسىگە قاراپ ئولتۇرغۇچە؟

ياخشىسى سەن روماندىن نەچچىنى تۆگتىپ، ئاندىن تېكستتىن نەچچىنى يادلاپ قويساڭ ياكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ نۇتۇقلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنى، شۇ كۆپرەك ياخشى. ئاندىن ماڭا ئىنگلىزچە خەت ياز. خاتا بولسا كۈچۈم يەتكەنچە تۈزىتىپ ئەۋەتىپ بېرىمەن. ئاندىن ئىككىسىنى سېلىشتۇرۇپ كۆرۈپ ، نەدە خاتا كەتكىنىڭنى بايقا. بۇ يېزىقچىلىقتا ياخشى ئۇسۇل. مەن دائىم شۇنداق قىلىمەن. ئوزەم يېزىپ ئاندىن

خەققە تۈزەتكۈزىمەن، ئاندىن ئۇنى ئالدىمغا قويۇپ خاتالىقنى تەھلىل قىلىمەن. ئاندىن توغرىسىنى قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىقىمەن. خاتاسىنىمۇ تاشلىۋەتمەي قوشۇپ ساقلايمەن.

" دېگەن بىر تېلېۋىزور قانىلى بار. ئۇنىڭدا star movies ئا: ھە راست بۇ يەردە " دائىم ئامېرىكىنىڭ كىنولىرىنى قويىدۇ. ئىنگلىزچە ئەسلى تىلى بىلەن سۆزلايدۇ! بىراق ئاستىغا خەنزۇچە تەرجىمىسى چىقىدۇ!

يەنى ئېغىز تىلىغا Colloquial Expressionر: ھە، ئۇمۇ بولىدۇ. ئادەتتىكى ياخشى. لېكىن كىنونىڭ ئىشلىتىدىغان سۆزلىرى بەكلا ئاددى ھەم تۇراقلىق.

ئا: مەن ھە دېسىلا ئاشۇ خەنزۇچە خېتىگە قاراپ تۇرۇۋالىمەن. سە دېگەندەك شۇ جىق كىنولاردا ئوخشاش گەپلەر چىقىدىكەن.

ر: رادىئودىن بىرنى ئال. مەندە رادىئودىن ئۈچى بار. بىرسى چوڭ. ئۇنى ياتاقتا قويۇپ قويىمەن. ئىككىسى قۇلاقتا سېلىپ تىڭشايدىغىنى. رادىئو ئاڭلاش تېلېۋىزور كۆرۈشتىن مۇھىم. رادىئو ئاڭلىغاندا پەقەتلا ئاڭلاش سەزگۈگە تايىنىسەن. دىققىتىڭ مەركەزلىشىدۇ. دىققەت قىلمىساڭلا چۈشەنمەيسەن. تېلېۋىزور كورسەڭ ئاڭلاش ھەم كۆرۈش سەزگۈڭ تەڭ ئىشلەيدۇ. سەن نوقۇل ئاۋازغىلا ئەمەس يەنە ھەرىكەت ۋە رەڭگە كاللا سەرپ قىلىسەن. دىققىتىڭ چېچىلىدۇ. بىرەر گەپنى چۈشەنمىسەڭمۇ لېكىن ۋەقەلىككە ئاساسەن پەرز قىلىسەن. بۇ خىل پەرز قىلىپ ئوگىنىشنى كۆپۈنچە ئادەم خالايدۇ ياكى تەشەببۇس قىلىدۇ. لېكىن يامان يېرى چۈشەنمىگەنچە نوقۇل ۋەقەلىككەكىرىشىپ قېلىپ، تىل ئۆگىنىش دېگەن مۇددىئا قايرىلىپ قالىدۇ. شۇڭا مەن دەسلەپكى تىل ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ تېلېۋىزور كۆرۈشنى ياقىلمايمەن. تىل ئۆگىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا يەتكەندە( بەلكى تولۇق كۈن ئۆگەنسە 7-8 ئايلاردا ) رادىئو ئاڭلىسا ھەممە سۆزلەرنى دېگۈدەك چۈشىنىدىغان، لېكىن بىراۋ سورىسا نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېنىق دەپ بەرەلمەيدىغان ھالەت شەكىللىنىدۇ. يەنى دېيىلۋاتقان يەككە سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك

چۈشەنسمۇ، لېكىن ئومۇمىي جۈملىنىڭ مەنىسىنى دەماللىقتا ئىدراق قىلالمايدۇ. بۇ ئۇ تىلنىڭ قۇرۇلمىسىنىڭ كاللىدا تېخى تولۇق ئورۇنلاشمىغانلىقىدىن. بۇ تىل سەۋىيسىنىڭ خېلى يۇقىرى باسقۇچىدا بولىدۇ. يەنە توختاتماي نەچچە ئايلا كۆچسە بۇ باسقۇچتىن بوسۇپ ئۆتۈپ ، تولۇق چۈشىنىدىغان بولىدۇ.

يۇقارقىلارنى تۆۋەندىكى نوقتىلارغا يىغىنچاقلاش مۇمكىن:

كىچىك خاتىرە دەپتەر تۇتۇپ بارلىق يېڭى ئۆگەنگەن خام سۆزلەرنى رەتلەپ يېزىش، ئۇنى ھەر كۈندە، ھەپتىدە ۋە ئايدا بىر تەكرارلاش.

تەرجىمە قىلىنغان ياكى تەرجىمە بىلەن ئىزاھلانغاننى ئەمەس، ئەسلى تىلدىكى گىراماتىكا كىتاۋىنى ئىشلىتىش.

بىر چوڭ، بىر كىچىك ئىككىلا لوغەت ئىشلىتىش. ئېلېكترونلۇق لوغەت ئىشلەتمەسلىك.

تېلېۋىزور كۆرمەي رادىئو ئاڭلاپ بېرىش.

مەقسەد-مۇددىئا ئېنىق بولماي تۇرۇپ، پەقەت ھەۋەس ئۈچۈنلا ئۆگەنمەسلىك.

بەك كىچىك ياكى پىسخىك جەھەتتىن يېتەرلىك ئاساس ھازىرلىماي باشلىماسلىق.

باشلىغان ئىكەن، ئۈزۈپ قويماسلىق ۋە جىددىي ئوگىنىش.

ھىكايە ۋە باشقا قىسقا ( ئوقۇش، پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىدىكى ) تېكىستلەرنىڭ ئورنىغا رومان ئوقۇش.

كۈندىلىك خاتىرە ۋە ياكى باشقىلارغا خەت يېزىپ مەشىق قىلىش. ھەم باشقىلارغا يازغانلىرىنى تەكشۈرتكۈزۈپ ئوزىنىڭ خاتالىقلىرىنى ئانالىز قىلىش.

دائىم يېڭى ئۆگىنىش ماتىرىياللىرىنى سېتۋالماسلىق ياكى ئوزگەرتمەسلىك.

( كونىراپ كەتسە شۇ ماتېرىيالدىن يەنە بىرنى سېتىۋېلىڭ!)

هەرگىزمۇ تەرجىمە قىلماسلىق، چۈشىنىشكىلا تىرىشىش.

مەن تىل ئۆگەنگەندە بىر كۈنلۈق ئۆگەنمەكچى بولغان نەرسلەرنى ئالدىمدىكى بىر قاچا تاماققا ئوخشاش ئويلايمەن. ئەگەر بۇ تاماقنى ئاشۇرۇپ قويسام ئەتە هامان يىيىشكە توغرا كېلىدۇ. شوڭا ئۇنى ئاشۇرۇپ قويماستىن بۇگۈن چوقۇم يەۋەتىش كېرەك. بۇ مېنىڭ تىل ئۆگىنىشتىكى هۇجۇم خاراكتېرلىك پىسخكام. مەن بۇنى سۈنئىي يېتىلدۇرۇشكە بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

يەنە بىر مۇهىم نۇقتا تىل ئۆگەنگەندە ئۇزۇپ قويماسلىق. نۇرغۇن ئادەملەر چەتئەل تىلىغا زور قىزغىنلىك بىلەن كىرىشىپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ياكى بۇ سەۋەپلەر بىلەن ئۇزۇپ قويىدۇ. ئاندىن بىر مەزگىلدىن كېيىن يەنە باشلايدۇ. يەنە بەزىلەر ئۇنى پىلانىغا ئالىدۇ. لېكىن سۇرئىتى بەك ئاستا. يا تاشلىۋەتكۇسى كەلمەيدۇ. (يەنە مەكتەپلەردىكى قوشۇمچە ئىنگلىز تىلى ئوقۇتۇشىمۇ بار.) بۇ خىل ئۆگەنگۈچىلەردە بىر مەزگىل (مەسلەن، بىر- ئىككى يىل ) ئۆگەنگەندىن كېيىن ئۇ تىلدىكى ماتېرياللارنى قولىغا ئالسا بىر قارىسا چۈشىنىدىغاندەك، يەنە بىر قارىسا چۈشەنمەيدىغاندەك هالەت شەككىلىنىپ قالىدۇ. بۇ ئۇلارغا بېسىم، باش ئاغرىقى ئېلىپ كېلىدۇ. هەم بۇ تىل ئۇلارغا بۇرۇنقىدەك قىزىقارلىق تۇيۇلماستىن، زېرىكىشلىك بىلىنىدۇ. بۇ يامان پىسخك هالەت.
تىل ئۆگەنگەندىكى ئەهۋال تووەندىكى دىئاگراممىدىكىدەك بولىدۇ. يەنى تىل ئۆگىنىپ مۇئەييەن باسقۇچقا ( بىز بۇنى ۋاقت ۋە ئۇچۇرنىڭ ئۇزۇنلىقى ، كۆپلىگى بىلەن دا) كىينچىلىق ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. a,dئولچىسەك) يەتكەندە(يەنى نۇقتا تۇز سىزىقنى بويلاپ) هالقىپ كەتسىلا aئەگەر چىداپ تۇرۇپ مۇشۇ پەللىدىن (يەنى ئەگرى سىزىقى بويىچە) bئۆگىنىشتىكى قىينچىلىق ئوزلىگىدىن يەڭگىللەپ( يەنى

ماڭدۇ، ھەم ئۆگەنگەن نەرسلەرمۇ ئاسانلىچە ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ. (مەسلەن، سىز دەسلەپ ئۆگەنگەندە ھەر بىر سۆزنى چوقۇم يادقا ئېلىپ، قايتا-قايتا تەكرارلاپ embarrassment ئوگۇنسىز. ئەگەر سىز بىر مۇرەككەپ سۆزنى مەسلەن، ئىنگلىزچە دېگەن سۆزنى بىراۋدىن سورىغان Minderwertigkeitsgefuehl ياكى نېمىسچە بولسىڭىز، بىراۋ مەنىسىنى دەپ بەرگەن بولسىمۇ ، سىز ئۇنى بىر قېتىمدىلا تۇتۇۋالالمايسىز. ئاشۇ پەللىدىن ھالقىپ كەتكەندىن كېيىن بەلكى سىز مۇشۇنىڭغا ئوخشاش سۆزلەرگە ئوچرىسىڭىز بىراۋ ئاغزاكىلا چۈشەندۇرۇپ بەرسە ، بەلكى لوغەت ئاختۇرمايمۇ ھەم قايتا تەكرارلىمايمۇ بۇ سۆز ئېسىڭىزدە تۇرۇشى مۇمكىن.) بۇ نۇقتىدىن ھالقىپ كەتكەندىن كېيىن تىل ئوگىنىشنى توختىتىپ قويۇپ ، بىر مەزگىلدىن كېيىن قايتا داۋالاشتۇرسىمۇ چېكىنىش زور ياكى كورۇنەرلىك بولمايدۇ. مېنىڭ مۆلچىرىمچە، ئەگەر بىراۋ پۈتۈن كۈن ئۆگەنگەن بولسا 6 ئايدا مۇشۇ پەللىگە يېتىش مۇمكىن. ئەگەر بۇ دا) تىل ئوگىنىش ئۇزۇپ قويۇلسا چېكىنىش، a,c پەللىگە يېتىشتىن بۇرۇن (يەنى نۇقتا ئۇنتۇش زور بولىدۇ. قايتىدىن باشلاشقا يەنە بۇرۇنقىغا ئوخشاش دېگۇدەك كۈچ، ۋاقىت كېتىدۇ.

ئۇچۇر

a

]img=sexima]http://www.anatilim.com/sexima.bmp[/img]

ب

C d

ۋاقىت

ئىزاھات:

: تىل سەۋىيە A

: تىل كىيىنقىلىقى B

كىيىنچىلىكنى بوسۇپ ئۆتۈش نۇقتىسى: A,D

: ئاسان چېكىنىش نۇقتىسى A,C

ئۇزۇن مۇددەت ئۆگىنىش. جىق خام سۆز بىلىش تىلنى ئىگەللەشنىڭ زۆرۈر شەرتى ئەمەس. مۇھىمى تېزدىن شۇ تىلنىڭ تىل مۇھىتىغا سىڭىش، ئۇنى پىسخىك جەھەتتىن ئىگەللەش. ئەگەر نوقۇل سان-سىپىر نۇقتىسىدىن ئالغاندا يات تىلدىكى يۈز مىڭلاپ مەخپىي بەلگىلەرنى مۇكەممەل ئىگەللەش مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. لېكىن ئادەتتە ئادەم ئىككى يىللا ئۆگىنىپ، ئىككىنچى بىر تىلدا ئوي-پىكرىنى راۋان ئىپادىلىيەلىشى تامامەن مۇمكىن. بۇ يەردە گەپ ئۇ تىلنىڭ تۇيغۇسىنى تۇتۇشتىن ئىبارەت. تىل تۇيغۇسى گىراماتىكىلىق قائىدىلەرنى ۋە سۆزلۈكلەرنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تور ياكى رامكا. بۇ رامكىنى پىسخىك جەھەتتىن ئىدراك قىلىش زۆرۈر. بۇ تۇيغۇغا ئېرىشىلمىگەندە، ھەر قانچە ئۆگەنگەن بىلەنمۇ سۆزلۈكلەر چېچىلاڭغۇ ، پارچە-پۇرات ھالەتتە تۇرىدۇ ۋە ئاسان ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. سۆزلىگەندە سۆزلۈكلەرنى نەدىن تېرىپ كېلىپ،

قانداق قوراشتۇرۇش ئاۋال ئادەمنىڭ كاللىسىغا كىرۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئادەم ئۆز مەقسىتىنى تېز، توغرا، بىمالال ئىپادىلەپ بېرەلمەيدۇ. دائىم دۇدۇقلايدۇ. ئاندىن بۇ ئۆزىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقىتىدۇ. تىل تۆيغۇسىغا ئېرىشىش، ئۇ تىلنىڭ تومۇرىنى تۇتۇش ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ، جىددىي، پۈتۈن كۈن ئوگىنىش زۆرۈر.

يۇقىرىقى جەھەتتىن مەن ئاتا-ئانىلارنىڭ باللارنى كىچىكىدىنىدىلا چەتئەل تىلى ئۆگىنىشكە زورلاپ ئۇلارنى ھاردۇرۇپ قويماسلىقنى، ئۇنىڭدىن بىزار بولىدىغان پاسسىپ كەيپىيات شەكىللەندۇرۇپ قويماسلىقنى تەۋسىيە قىلىمەن. مەنچە بولغاندا چەتئەل تىلنى تولۇق ئوتتۇرىغا چىققاندا ئۆگىنىشك ەكىرىشسە ياكى ئالىي مەكتەپكە چىققاندىلا ئۆگەنسە بەلكى ئۇنۇمى باشلانغۇچ ياكى يەسلىدە باشلىغاندىن ياخشى بولۇشى مۇمكىن.

ئومۇمەن بىر تىلنى ئىگەللەش ئۈچۈن ئىككى يىل سەرپ قىلىش مۇۋاپىق. ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتسە بۇ ئۇنۇمسىز ئۆگىنىش ھېسابلىنىشى مۇمكىن.

## 31ـ سوئال

ئەڭ ئەمەلىي ئىش بولغان چەتئەلدە ئىش تېپىش، ئايلىق چىقىم، مەكتەپ ئۇقۇشۇش، چەتئەل تىلى ئىمتىھانى، ئوي ئىجارىسى، قاتارلىقلار ھەققىدە ئۇچۇر بەرگەن بولسىڭىز.

ناۋادا براۋ چىقماقچى بولغان دۆلەتتىكى مەكتەپ ياكى دۆلەت ئىچى- سىرتىدىكى بىرەر ئورگاننىڭ ئوقۇش ياردەم پۇلىغا ئېرىشكەن بولسا، بۇ ۋاقىتتا ئىقتىسادىي غەم بولمايدۇ. لېكىن چەتكە چىقىپ ئوقۇۋاتقانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز ئىقتىسادىغا تايىنىپ چىققانلار. بۇلار ئۈچۈن چەتكە چىقىپ ئوقۇش مۇمكىنچىلىكىگە ئىگە بولۇشتىكى زۆرۈر ئالدىنقى

شەرت- مۇئەييەن ئىقتىسادىي كۈچى بولۇش. مەسلەن، گېرمانىيىگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشتىكى زۆرۈر ئۈچ شەرتنىڭ بىرى بىر يىللىق تۇرمۇش كاپالىتى ئۈچۈن 7000 ياۋرونى (تەخمىنەن 70000 يۈەن)گېرمانىيە بانكىسىدىن ھېساب ئېچىپ قويۇش كېرەك. ئەنگلىيىگە چىقىپ ئوقۇش ئۈچۈن خەلق پۇلىدا 300 مىڭ يۈەننىڭ مۇقىم ئۈچ ئايلىق بانكىغا قويۇلغان ئىسپاتىنى كۆرسىتىش كېرەك. ھەرقايسى ئەلچىخانىلار شۇ دۆلەتكە چىقىپ ئوقۇماقچى بولغانلاردىن ئۆز دۆلىتىنىڭ ئەھۋاللىرىغا ئۇيغۇن بولغان يېتەرلىك ئىقتىسادىي ئاساسى بولۇشنى تەلەپ قىلىپ شۇنداق بەلگىلىمىلەرنى چىقارغان.

گېرمانىيىدە ئوقۇش ھازىرغا قەدەر ھەقسىز. لېكىن ھەرقانداق ئادەم سالامەتلىك سۇغۇرتىسى سېتىۋېلىشى كېرەك. ( سالامەتلىك سوغۇرتىسىغا قاتناشماسلىق قانۇنسىزلىق.) سالامەتلىك سۇغرتىسى ئەيىغا تەخمىنەن 30-50 ياۋرو ئەتراپىدا. ياتاق پۇلى ئېيىغا تەخمىنەن 250-200 ياۋرو ئەتراپىدا.(رايونلار ۋە ياتاق شارائىتىغا بېقىپ ئوخشىمايدۇ.) بېرلىن شەھرىنىڭ ئاممىۋى قاتناش ئايلىق بېلىتى 83 ياۋرو. كۈندىلىك بېلتى 6 ياۋرو. ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتتېلىرىنىڭ يىللىق ئوقۇش پۇلى چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۈچۈن تەخمىنەن 10000-8000 فوندستېرلىڭ ( بىر فوندستېرلىڭ تەخمىنەن 14 يۈەن )، ياتاق ئىجارىسى ھەپتىلىكى تەخمىنەن 85-65 فوندستېرلىڭ(ئەگەر يالغۇز تۇرۇشقا توغرا كەلسە.) ئىككى ئادەم بىر ياتاقتا تۇرسا 45-55 فوندستېرلىڭ ئەتراپىدا. لوندوننىڭ ئاپتوبۇس بېلىتى تاق يۆنىلىشلىكى 1.5 فوندستېرلىڭ ، كۈنلۈك بېلىتى 3.5 فوندستېرلىڭ. مېترو كۈندىلىك بېلىتى 2-1 رايوننىڭ(لوندون شەھرى مەركەزدىن سىرتىغا قاراپ ۋەكبەرسىمان ؟؟؟ بۇ سۆزنى توغرا ئوقۇيالمىدىم. 6 رايونغا بۆلۈنگەن) ئەتىگەن 9:00 دىن بۇرۇنقىسى 6.20 فوندستېرلىڭ. سائەت 9:00 دىن كېيىنكىسى 4.90 فوندستېرلىڭ. 2-1 رايوننىڭ

ئايلىق بېلتى 85.30 فوندستېرلىڭ، 4-1 رايوننىڭ ئايلىق بېلتى 121.40 فوندستېرلىڭ.(ئوقۇغۇچىلار قاتناشتا ئېتىبار قىلىدىغان كارتىغا ئىلتىماس قىلغان بولسا كۆندىلىك بېلەتنىڭ باشقىسى 30% ئېتىباردا بېرىلىدۇ.)

گېرمانىيىدە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمى ئېنىق بېكىتىلمىگەن. بۇ ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، قۇرۇلۇشتا ئىشلىگەنلەرنىڭ 2005-يىلدىكى ئەڭ تۆۋەن سائەتلىك ئىش ھەققى، قارا ئىشچى بولسا، 10.54 ياۋرو؛ ئەگەر تەخنىكىلىق ئىشچى بولسا، 12.68 ياۋرو بولغان.

مېنىڭ بىلىشىمچە، مۇلازىمەت تارماقلىرىدىكى ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى (2004-يىلغىچە) 5.25 ياۋرو.

گېرمانىيە ھوكۇمىتى شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ ياۋروپا ئىتتىپاقىغا ئەزا بولۇپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنى تۇرغۇزۇشنى ئويلىشىۋاتىدۇ. ئىقتىسادشۇناسلار سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمىنىڭ 6 ياۋرو ئەتراپىدا بولۇشنى ۋە بۇ ئارقىلىق نۇرغۇنلارنىڭ ئىشتىن ئايرىلىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغىلى بولىدىغانلىق تەكلىۋىنى بەردى

لېكىن گېرمانىيىدىكى كۆچلۈك ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمى 7.5 ياۋرو بولۇشى كېرەك، دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىدىكى قوشما شتاتلىرىنىڭ سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمى 5.15 دوللار. لېكىن 12 شتاتنىڭ بۇنىڭدىن يۇقىرى ياكى 7 دوللارغا يېقىنلىشىدۇ. نىيۇ يورك شەھرىنىڭ سائەتلىك ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئۆلچىمى 6.75 دوللار.

مۇلازىمەت تارماقلىرىنى ئاساس قىلىپ ئېيتقاندا، ئوقۇغۇچىلار سائەتلىكىگە 5.25 -7 ياۋرو ئەتراپىدا ھەق ئېلىپ ئىشلىشى مۇمكىن.( ھازىر بىر ئاز تۆۋەن. 2002-يىلى يازدا مەن ميۇنخىندا سائەتلىكى 8 ياۋرولۇق ئىش ھەققىنى ئاز كۆرۈپ ئىشلىمىگەن.)

لېكىن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار ئۇنىۋېرسىتېتلارغا رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرمىغىچە (تىل مەكتەپلىرىدە ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە) قوشۇمچە ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئۇنىۋېرسىتېتقا كىرگەندىن كېيىن چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلار باج تۆلەپ 90 كۈن ئىشلەشكە رۇخسەت قىلىندۇ.(ئادەتتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىش ھەققىدىن تاپاۋەت بېجى، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا بېجى ۋە پېنسىيە سۇغۇرتا بېجى بولۇپ 25% ئەتراپىدا باج تۆتۈلىدۇ.) ياكى ھەپتىسىگە 20 سائەتتىن ئىشلەشكە بولىدۇ. ( ئايلىق كىرمى 325 ياۋرودىن ئاشمىسا باج تۆلىمەيدۇ. ھەم بۇ ئىشلىگەن ۋاقتى 90 كۈنلۈك ئىشلەش ۋاقتىدىن قىسقارتىلمايدۇ.) ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۆلىگەن بېجى يىل ئاخىردا مالىيە ئىدارىسىگە ئىلتىماس قىلسا، كېلەركى يىلى 3-ئايدا قايتۇرۇپ بېرىلىدۇ. لېكىن قانۇنسىز ئىشلەشكە ئىمكانىيەت يوق. ئەگەر قانۇنسىز ئىشلىگەنلىك بايقىلىپ قالسا ئۇ ئوقۇغىچىغىلا ئەمەس ، ئىشلەتكۈچىگە ئېغىر جەرىمانە قويىدۇ ھەتتا شىركىتىنى تاقىتىۋېتىدۇ. گېرمانىيىدە بىر ئوقۇغۇچى ئالىي مەكتەپكە رەسمىي تىزىمغا ئالدۇرغانلا بولسا ئۇنىڭغا باج كارتىسى، ئىجتىمائىي سوغۇرتا كارتىسى ئاپتوماتىك ئەۋەتىلىپ بېرىلىدۇ. بىرەر شىركەتتە رەسمىي يوسۇندا ئىش تاپقاندا، ئىش باشلاشتىن بۇرۇن پاسسپورت، ئوقۇغۇچىلىق كېنىشكىسى ( ياكى مەكتەپنىڭ ئوقۇۋاتقانلىق ئىسپاتى)، باج كارتىسى، ئىجتىمائىي سوغۇرتا كارتىسى ۋە سالامەتلىك سوغۇرتا كارتىسى، بانكا ھېساب نومۇرى كارتىسىنى كۆرسىتىش كېرەك. ئىش بەرگۈچى بۇلارنىڭ ھەممىسنى نۇسقىلىۋېلىپ، باج كارتىسىدىن باشقىسنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ( باج كارتىسى ئىشلەۋاتقان مەزگىلدە ئىش بەرگۈچىدە تۇرۇشى كېرەك.) ئاندىن توختاملىشىدۇ. ئىشنى شەخسەن ئۆزى شىركەتمۇ-شىركەت ئىزدەپ ياكى تەرجىمھالنى ئەۋەتىپ ئىزدىسىمۇ ۋە ياكى ئىش تونۇشتۇرغۇچى شىركەتلەرگە ھاۋالە قىلىپ تاپسىمۇ بولىدۇ. لېكىن ئىش تونۇشتۇرغۇچى شىركەتلەر ئارقىلىق تاپسا ئۇلار مۇئەييەن نىسبەتتە تۇتۇپ قالىدۇ.( يەنى ئۆزى شۇ ئىشنى تاپقاندىن ئىش ھەققى تۆۋەنرەك بولىدۇ. لېكىن

بىر شەھەردىن يەنە بىر شەھەرگە بېرىپ ئىش ئىزدەشتە كۆپىنچە مۇشۇنداق ئوتتۇردىكى شىركەتلەرگە ھاۋالە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.) ئەگەر ئىككى يەردە ئىشلىمەكچى بولسا، ئوزى تۇرۇشلۇق شەھەردىكى نوپۇس تىزىملاش ئورنىغا بېرىپ يەنە بىر باج كارتىسى ئېلىش كېرەك ، لېكىن بۇ ئىككى كارتىنىڭ دەرىجىسى ئوخشىمايدۇ. تۆلەيدىغان باج سوممىسىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئادەتتە گېرمانىيىدە باج كارتىسى 6 دەرىجىگە بولۇنىدۇ. ياش، ئىكاھ، ئائىلە، جان سانى، دىنغا ئېتقاد قىلىش-قىلماسلىقلىرىغا ئاساسەن تۆلەيدىغان باجنىڭ دەرىجىسىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ياش، بويتاق، دىنغا ئېتقاد قىلىدىغان بولسا - بۇ يەردە ئىسلام دىنىي بۇ دىنىي ئېتقاد كاتوگورىيىسىگە تېخى كىرگۈزۈلمىگەن - يۇقىرى يەنى بىرىنچى دەرىجىلىك باج تۆلەيدۇ.

Daimler-Crysler, Bosch, Siemens, BMW قاتارلىق چوڭ شىركەتلەر ئوقۇغۇچىلارغا ياردەم قىلىش يۈزىسىدىن تەتىللەردە ئوقۇغۇچىلاردىن ۋاقىتلىق ئىشچى قوبۇل قىلىدۇ. بۇ شىركەتلەرگە كامىدا تەتىلدىن 3 ئاي بۇرۇن يازما ئىلتىماس قىلىش لازىم. ئاندىن ئۇلار يازما جاۋاپ قايتۇرۇپ ساقلاشنى ئېيتىدۇ. كېيىن يەنە خەت ئارقىلىق بەزىلىرىنى چاقىرتىدۇ ۋە بەزىلەرگە بىۋاستە ئەپسۇسلىنىدىغانلىقىنى ، كېيىنكى نۆۋەتتە يەنە سىناپ بېقىشنى ئېيتىدۇ. بۇ شىركەتلەردە ئىشلىسە ئىش ھەققى 12-15 ياۋروغىچە بولۇشى مۇمكىن. 2001-يىلى تەتىلدە Bosch شىركەتتە ئىشلىگەن تونۇشۇم ئۈزىنىڭ ئۈچ ئايدا 20000 ماركقا ( 1 ياۋرو = 1.9583 مارك) ئىشلىگەنلىكىنى دېگەنىدى.

ئەنگلىيىدىمۇ ئوخشاشلا چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قانۇن بويىچە ھەپتىسىگە 20 سائەتلىك ئىش رۇخستى بېرىلگەن. ئەنگلىيىدە ئەڭ تۆۋەن ئىش ھەققى ئولچىمى بولسا 5.05 فوندىستىرلىڭ. لېكىن كۆپىنچە ئەھۋاللاردا ئوقۇغۇچىلار باج تۆلىمەي قارا ئىشلەيدۇ. بۇ ئەھۋالدا ئۇلار سائەتلىكىگە 4-5 فوندىستىرلىڭ ھەق ئالىدۇ.

گېرمانىيە ياكى ئەنگلىيىدىكى مۇنتىزىم مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇشتا، ئۇلار بەلگىلىگەن دۆلەتلىك ياكى خەلقارالىق تىل ئوتكىلىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. گېرمانىيە ئالىي مەكتەپلىرىگە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغاندا ئۇلار كامىدا 800 سائەتلىك نېمىس تىلى كۇرسىغا قاتناشقانلىق ئىسپاتى تەلەپ قىلىدۇ. ھازىرقى كۈندە گېرمانىيە ئەلچىخانىسى گېرمانىيىگە چىقىپ ئوقۇيدىغانلاردىن مۇمكىن قەدەر جۇڭگودا نېمىس تىلى ئوتكىلىدىن

يەنى DSH (die Deutsche Sprachprüfung für den

ئالىي Hochschulzugang auslنndischer Studienbewerber innen

مەكتەپتە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغان چەتئەللىك ئوقۇغۇچىلاردىن ئېلىنىدىغان نېمىس تىلى

Deutsche ئىنستىتۇتىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك Ghoethe ئىمتىھانى) ياكى

( نېمىس تىلى دىپلومى) ئىمتىھانلىرىدىن ئۆتكەن بولۇشىنى Sprachdiplom

تەشەببۇس قىلىدۇ.

ئەنگلىيە ئەلچىخانىسىغا ۋىزىغا ئىلتىماس قىلىشتا بۇنداق تىل ئوتكەللىرىدىن ئۆتۈش كەسكىن شەرت قىلىنمىسمۇ، لېكىن ئەنگلىيە ئۇنىۋەرسىتېتلىرىغا كىرىپ ئوقۇش ئۈچۈن

ئىمتىھانلىرىدىن بەلگىلىك نومۇر ئېلىش كېرەك. IELTS ياكى TOEFL جەزمەن

دىن 6.5 نومۇر ئېلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. IELTS( كۆپلىگەن ئەنگلىيە ئۇنىۋېرسىتېتلىرى بەزى كەسپلەردىن ، مەسىلەن دوختۇرلۇق ئوقۇيدىغانلاردىن 7 نومۇر ئېلىش تەلەپ قىلىنىدۇ، لېكىن ئادەتتىكى بەزى مەكتەپلەر ئوزلىرى ئۇقۇغۇچىلارنىڭ تىل ئەھۋالىنى سىناپ كۆرۈپ قوبۇل قىلىدىغان ئىشلارمۇ بار.)

گېرمانىيىدە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلىشتا ئالدىنقى شەرت (2002-يىلدىن باشلاپ) بارلىق ئاكادېمىيىلىك دوكۇمېنتلارنى ؟؟؟ بۇ "كېنىشكە، ئىسپاتلارنى" دېگەن

akadimische گەپمۇ؟ چوقۇم گېرمانىيىنىڭ بېيجىڭدىكى ئەلچىخانىسىنىڭ

(ئاكادېمىيىلىك تەھقىقلەش بولۇمى) نىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈش Pruefstelle

كېرەك. ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى دۆلەت ئىچىدە بولسا، شەخسەن ئۆزى بېرىپ 20 مىنۇتلۇق ئاغزاكى ئىمتىھانغا ( بۇ كەسپكە ئائىت سوئال-سوراقلار نېمىس تىلىدا ياكى ئىنگلىز تىلىدا بولىدۇ) قاتنىششى كېرەك. بۇنىڭ ھەققى ئۈچۈن 1700 سوم تاپشۇرۇش كېرەك. ئەگەر ئوتسە ئۇلار ئۈچ نۇسخا ئىسپات چىقىرىپ بېرىدۇ. ئاندىن گېرمانىيىدىكى مەكتەپلەرگە ئوقۇشقا ئىلتىماس قىلغىلى بولىدۇ. ئەگەر ئىلتىماس قىلغۇچى ئاللىبۇرۇن گېرمانىيىدە بولسا، ئۇ ؟؟؟ ئاكادەمىيىلىك دوكۇمېنتلىرىنى بۇ ئورۇنغا ئەۋەتىشى كېرەك ۋە تەكشۈرۈش ھەققى ئۈچۈن 500 سوم تاپشۇرۇشى كېرەك. نوقۇل تىل ئۆگىنىش ئۈچۈن چىقماقچى بولغانلاردىن بۇ تەلەپ قىلىنمايدۇ. لېكىن بۇنىڭسىز ۋىزىغا ئېرىشمەك مۈشكۈل. بىر ساۋاقدىشىمغا لېيپزىگ ئۇنىۋېرستىتى قارمىقىدىكى خېلى نامى بار نېمىس تىلى ئىنستىتۇتىدىن ئالدىن توت ئايلىق تىل ئوگىنىشكە1800 ياۋرو تۆلەپ ئالاقە ئېلىپ ئەۋەتىپ بەرگەن ۋە بارلىق مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللار، پۈتتۈردىغان ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرگەن بولسامۇ، ئۇ گەرچە ئاتايىن بېيجىڭغا ئۈچ قېتىم بېرىپ بۇ سىناقتىن ئۆتۈپ ۋىزىغا ئىلتىماس قىلغان بولسىمۇ، يەنىلا ۋىزا ئالالماي بولدى قىلدى.

39ـ سوئال

شىنجاڭدىكى ھەرقانداق بىر تورخانىغا كىرسىڭىز مۇنداق مەنزىرىنى كورىسىز 90 پىرسەنتتىن ئارتۇق كىشى ئويۇن، چايخانا، قىق، كىنو بىلەن مەشغۇل، پەقەت 5 تىن 10 پىرسەنتكىچىلا ئادەملەر ئۈچۈر ئىشلىرى بىلەن. بۇ خىل ھالەت شىنجاڭدىكى ھەممە مىللەتلەرگە ئورتاق. ئۇنداقتا سىز تۇرغان دۆلەتتە قانداق يەنى كىشلەرنىڭ توردىن پايدىلىنىشى، تورخاندىن پايدىلىنىشى قانداق؟ بىزدە ئادەتتە تورخانا سائىتىگە 2 يۈئەن ئالىدۇ، بەزى يەرلەردە بۇنىڭدىنمۇ ئەرزان. سىز تۇرغان جايدىچۇ ئەگەر سىز مەكتەپتە بولسىڭىز كۇتۇپخانا ياكى باشقا ئورۇندىكى كومپيۇتەرلارنى

## ھەقسىز ئىشلىتەلەمسىز ؟

قىشلەرنىڭ ۋاقتى يەتسە ئويناپدۇ. لېكىن ۋاقتى يەتكەن ئادەملەرنىڭ كۆپۈنچىسىنى ئويناپدۇ دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپ باللىرى ئويناپدۇ. لېكىن ئاتا-ئانىلار باللارنىڭ كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناش ۋە تور ئىشلىتىشىگە كۆپ سەزگۈر، ئۇلار باللىرىغا بۇنى ئىشلەتمەسلىك ۋە قانداق ئىشلىتىش توغرىلىق نەسىھەت قىلىپ تۇرىدۇ. بىزدە ئادەملەرنىڭ بۇنىڭ ئۈچۈن سەرىپ قىلغان ۋاقتى چەتئەللىكلەرنىڭكىگە قارىغاندا كۆپ.

لوندوندا تورخانىدا بىر سائەتلىك تورغا چىقىش 75 سىنىت. بېرلىندا بىر يېرىم ياۋرو. پارىژ، رىملاردا ئۈچ ياۋرو.( بەلكى بۇنىڭدىن ئەرزان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بەلكى ساياھەتچىلەر يولۇققىدىغان ئورۇنلاردىكىسى شۇنداق بولۇشى مۇمكىن.) مەيلى گېرمانىيە ياكى ئەنگلىيىدە بولسۇن كۇتۇپخانا پۇتۇن كۈن ، ھەتتا ھەپتە ئاخىرىدىمۇ ئوچۇق. بارلىق ماتېرىياللارنى ئۆزى بىۋاستە كىرىپ پايدىلىنىشقا ياكى ئارىيەت ئېلىشقا بولىدۇ. مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدىكى كومپيۇتېر ۋە تور ھەقسىز.

## 40ـ سوئال

بىرەيلەن ئاۋستىرالىيىدە پولۇخانا ئاچسا جىق پۇل تاپقىلى بولىدۇ، لېكىن سەھىيە، مۇھىت رەسمىيەتلىرى تەس دېگەندى. سىز تۇرۇۋاتقان جايدا ئۇيغۇر تائاملىرى ۋە باشقا ھۈنەرلىرى، شىنجاڭنىڭ ئۆزگىچە مەھسۇلاتلىرى ... قاتارلىقلارنىڭ بازار ئىستىقبالى قانداقتۇ ئەلۋەتتە، بۇ يەردە ئىمكانىيەت ھەققىدىمۇ سۆز ئەچىش كېرەك. مەسىلەن، رۇشىەتناملار، دۇقان ئىجارىسى، كېتىدىغان دەسمىيى... دېگەندەكلەر.

تۈرك تائاملرى بىلەن خەنزۇ تائاملىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى بار. لېكىن ياۋروپادا تۈرك رېستۇرانلىرى يەنىلا تۈرك ياكى ئەرەبلەر ئولتۇراقلاشقان رايۇنلاردا مەۋجۇت(تونۇر كاۋاپ دۇكاكلىرىدىن باشقا.) ئادەتتە ئىتالىيان، گرېك، فرانسۇز، ھىندى، تاي ( تائىلاند)، ياپون، جۇڭگو( خەنزۇ تائاملىرى)، يەنە مېكسىكان رەستۇرانلىرى ئاساسلىق كۆزگە چېلىقىدۇ. بىزنىڭ تائاملىرىمىز ئېغىر، كۆچلۈق، مايلىق. بۇنىڭغا ياۋروپالىقلارنىڭ كۆنمىكى تەس بولۇشى مۇمكىن. ( ئەلۋەتتە بىر ئىككى قېتىم قىلىپ بەرسىڭىز ھەيران قېلىپ يېگەن بىلەن.) شوڭا ئەگەر رېستۇران ئېچىشقا توغرا كەلسە خەنزۇچە تاماقلار بىلەن تۈركچە تائاملاردىن پىششىق خەۋەردار بولغاندىن كېيىن، ئىككىسىنى بىرلەشتۇرۇپ تاماق تىزىملىكى ياساپ ئاچسا بەلكى مۇۋەپپىقىيەتلىك بولۇشى مۇمكىن. ئەنگلىيە ياكى گېرمانىيىدە رېستۇران ئېچىش ( ئەمەلىيەتتە ياۋروپادىكى رېستۇرانلارنىڭ ئادەتتىكىلىرى بىزدىكى لەغمەنخانىلارچىلىك كېلىدۇ.) ئۈچۈن بىر-ئىككى مىليون ؟؟؟ يۈەن ؟ كېتىشى مۇمكىن. سەھىيە ئورۇنلىرىنىڭ تازلىق ئولچىمىمۇ يۇقرى.

## 41- سۇئال سىز ۋەتەن دېگەن بۇ ئۇقۇمنى ھەر بىر ئەسلىگىنىڭىزدە كاللىڭىزدا قانداق ئوبرازلار، قانداق تۇيغۇلار گەۋدىلىنىدۇ ؟

دەم ئېلىش، قانغۇچە ئۇخلاش، ئاغىنىلەر بىلەن جەم بولۇش، توي-توكۇن جىلۋىلىنىدۇ، ئەڭ مۇھىمى بەختەرلىك تۇيغۇسى گەۋدىلىنىدۇ.

## 45- سۇئال

ئوتتۇرا شەرق، جۇملىدىن تۈركىيە، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىقى قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ جۇڭگو بىلەن بولغان ھەر تەرەپلىمە ئالاقىسىنىڭ كۈچىيىشىگە

ئەگىشىپ، بۇ دۆلەتلەردە جۇڭگولۇق سودىگەرلەر، ساياھەتچىلەر كۆپىيىۋېتىپتۇ. تۈرلۈك ئالاقە ئەھتىياجلىرى سەۋەبلىك بۇ دۆلەتلەردىكى بىر تۈركۈم كىشىلەر خەنزۇ تىلى ئۆگىنىۋېتىپتۇ ۋە بۇ تىلدىكى تەرجىمانلارغا موھتاج بولۇۋېتىپتۇ. سىز تۇرۇۋاتقان دۆلەتتىمۇ مانا مۇشۇنداق ئەھتىياج بارمۇ ياكى سىز باشقا دۆلەتلەردىكى مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى بىلەمسىز ؟

**بۇ تەرەپتە ئۇنداق ئىمكانىيەت يوق. مەنچە ئۇيغۇرلار ئۈچۈن بۇنداق ئىمكانىيەت يەنىلا تۈركىيە ۋە ئەرەب بىرلىشمە خەلىپىلىكىدە ياخشى بولۇشى مۇمكىن. تۈركىيىگە بېرىپ باقمىدىم ، لېكىن تونۇش-بىلىشلەرنىڭ دېيىشىگە قارىغاندا ئۇيغۇرلار تۈركلەرگە تەرجىمانلىق ۋە مال زاكاس قىلىشتا، ساياھەت شىركەتلىرىدە مىللىي ئارتۇقچىلىقىنى جارى قىلدۇرۇۋاتىدىكەن. دۇبەيدىكى ئۇيغۇر بالىلارنىڭ ئەھۋالى ئومۇمەن خېلى ياخشى ئىكەن. ئەگەر خەنزۇچە ۋە ئىنگلىزچە ياكى ئەرەبچە بىلسە ئىش تېپىش قىيىن ئەمەس ئىكەن. دۇبەيدە مەن ئۇچراشقان نەچچەيلەن خېلى ياخشى شىركەتلەردە ئىشلەيدىكەن ۋە كىرىمى رېستورانلار مېھمانخانىلاردا ئىشلەيدىغان مىسىرلىق ياكى ماراكەشلىكلەردىن يۇقىرى ئىكەن.**

----

خاس سوئاللار:

بۇ پائالىيىتىمىز "سۆھبەت"، شۇڭا ئاكتىپ دىئالوگلار بولسىكەن دېگەن ئۈمىدتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈمنى بىر كىشىگە "بۇ قانداق؟ ئۇنىڭغا قانداق قارايسىز؟" دەپلا تومتاق سوئال قويۇشنى خالىمايمەن. شۇڭا سوئاللار سەل ئۇزۇنراق بولۇپ قالدى.

**1ـ سوئال:**

سىز 1ـ سۇئالغا بەرگەن جاۋابىڭىزدا تىل نۇقتىسىدىن چىقىش قىلىپسىز. شۇنداقلا سىز يەنە مەخسۇس تىل ئۆگىنىش ھەققىدە تولىمۇ تەپسىلىي ۋە رېئاللىققا يېقىن قىلىپ توختىلىپسىز. تىل ۋە تەپەككۇر مۇناسىۋىتى مەن ئىزچىل تۈردە قىزىقىۋاتقان بىر مەسىلە.

بىلىشىمچە، تىل بىلەن تەپەككۇرنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراشلار مەۋجۇت. بىر قىسىملار ئىنسان تەپەككۇرى تىل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدۇ، دېسە، يەنە بىر قىسىملار بۇنى ئىنكار قىلىدۇ. مەن بۇ ھەقتىكى تەتقىقات ماتېرىياللىرىنى كۆرمىدىم، لېكىن مەن ئۆز ئەمەلىيىتىم ۋە تۇيغۇمغا تايىنىپ "ئىنسان تەپەككۇرى تىلغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلىشى مۇمكىن، ئۇنداق بولمىغان تەقدىردىمۇ تىل چوقۇم تەپەككۇرغا تەسىر كۆرسىتىدۇ" دەپ قارايمەن. سىزچە بۇ ئىككى ئارىدىكى مۇناسىۋەت قانداق؟ دۇنيادىكى نوپۇزلۇق ئالىملار قانداق قارايدىكەن؟ مەلۇم بىر سۆزنىڭ مەلۇم بىر تىلدا يوق بولۇشى شۇ مىللەت كىشىلىرىدە شۇ ئۇقۇمنىڭ يوقلۇقىنى كۆرسىتەمدۇ؟

2ـ سۇئال:

بىز ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە "ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئالىمى پالانچە..." دەپ باشلىغان تېكىستلەرنى ئۆگەنگەن. لېكىن سىزگە ئوخشاش چەتئەل كۆرگەنلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنياغا داڭلىق ئالىمى پالانچە..." نى دۇنيا خەلقى تونۇمايلا قالماستىن، بەلكى "ئۇيغۇر" دېگەن بۇ مىللەت نامىنىمۇ دۇنيا نوپۇسىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تونۇمايدىكەن.

سىزگىمۇ مەلۇمكى، ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدا "ئۇيغۇرلارنىڭ تىل تۇيغۇسى كۈچلۈك، چەتئەل تىللىرىنى ئاسان تەلەپپۇز قىلىدۇ، ئاسان ئۆگىنىۋالىدۇ" دېگەنگە ئوخشاش قاراشلار بار. ئەلۋەتتە، بۇ قاراشنىڭ بىر ئاساسى شۇكى، بىز بەزى مىللەتلەرگە قارىغاندا تىلدا سەل يېپىشقاق، خېلى كۆپ تاۋۇشلارنى قىينالمايلا تەلەپپۇز قىلالايمىز. (لېكىن ئاسان تەلەپپۇز قىلالمايدىغان

تاۋۇشلارمۇ خېلى بار) سىزچە، بۇ خىل ئارتۇقچىلىقنىڭ چەتئەل تىلى ئۆگىنىشتە زادى قانچىلىك رولى بار، بۇ خىل قاراشنىڭ رېئال تۇرمۇشىمىزدا زادى قانچىلىك ئەھمىيتى بار؟

**3- سوئال:**

**مېنىڭ ھەر مىللەتتىن دوستلىرىم بار، ئۇلار ئوخشىمىغان دىنلارغا ئېتىقاد قىلىدۇ ياكى دىنسىز. كۈندىلىك تۇرمۇشتا بىز ئوخشاش تەرەپلىرىمىز بىلەن دوست، ئوخشىمىغان تەرەپلىرىمىز شەخسىيەت سۈپىتىدە بىر-بىرىمىزگە دەخلى قىلماي ساقلىنىپ قېلىۋېرىدۇ. بۇنىڭلىق بىلەن ئارىدا ئۇنچە كۆپ ئاۋارىچىلىقمۇ يوق. شۇڭىمۇ مەن ئارىمىزدا ئۇنچە كۆپ يىراقلىق يوق دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن مەن مۇنداق ئىككى نۇقتىدا ئارىمىزدا زادىلا بېسىپ ئۆتكۈسىز بىر ھاڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدىم:**

**1) مەن بىر نەچچە قېتىم باشقا مىللەت، دىندىكىلەرنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتنىشىپ قالدىم. گەرچە مەن ئۆلگۈچى بىلەن ھايات ۋاقتىدا ياخشى ئۆتكەن، شۇ سورۇندىكى كىشىلەر بىلەن بىرگە ياشاۋاتقان بولسامۇ، لېكىن شۇ كۈنى مەن ئۆزۈمنى زادىلا قولاشتۇرالمىدىم. دەپنە مۇراسىمى داۋام قىلىۋاتاتتى، كىشىلەر تەرتىپلىك ھالدا رەسمىيەتلەرنى ئادا قىلىۋاتاتتى. مەن بولسام ئىشىكتىن كىرمەي بىر چەتتە قاراپ تۇراتتىم. ئۇلار پات-پات ماڭا قاراپ قوياتتى، مەن خۇدۇكسىرەش، قانداقتۇر بىر ياتسىراش كەيپىياتى بىلەن ئۇلارغا قاراپ قوياتتىم. بۇ يەردە ئۆتۈلۈۋاتقان ھېچقانداق بىر رەسمىيەت مېنىڭ مىللىتىم ۋە دىنىمدا يوق، مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان، قىلىپ باقمىغان ئىش ئىدى. خۇددى مەن ئۇلار بىلەن تەڭ شۇ رەسمىيەتلەرنى ئۆتىسەم، باشقىچە بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالىدىغاندەك، ئۆتىمىسەم بۇ سورۇندىكى كىشىلەر بىلەن ئارىلىقىم بەكمۇ يىراقلاپ كېتىدىغاندەك....**

**مانا موشۇنداق قىسىلچىلىق ئىچىدە بىر نەچچە سائەتنى بىر نەچچە يىلدەك ئۆتكۈزدۈم.**

ھەر قېتىم مانا موشۇنداق دەپنە مۇراسىملىرىغا قاتناشقىنىمدا مەن دائىم بىللە يۈرىدىغان، ياخشى ئۆتتۇۋاتقان كىشلەر بىلەن ئارىمىزدا زادىلا بىسپ ئۆتكىلى بولمايدىغان نامەلۇم بىر ھاڭنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمەن.

2) خۇددى يۈقىرىقىغا ئوخشاشلا بىر ئىش.

ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا بىر كورىئان بىلەن يېقىن ئۆتەتتىم. ئادەتتە يېقىنلىقىمىزدىن ئۇنىڭ باشقا بىر مىللەت، باشقا بىر دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتىم. بىر كۈنى ئۇ مېنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى. مەن بىلەن بىللە باشقىلارنىمۇ چاقىرغانىكەن. تاماق تارتىلدى. ئۇ "تاماقتىن بۇرۇن دۇئا قىلىۋېتەيلى، كورىئانچە بولسۇن" دېدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىزنى داستىخاننى چۆرىدەپ ئولتۇرغۇزدى ۋە بىر-بىرىمىزنىڭ قولىنى تۇتۇشنى تەلەپ قىلدى، بىز ئۇنىڭ دېگىنىچە قىلدۇق. ئۇ دۇئانى باشلىدى. تىلى كورىئانچە ئىدى، لېكىن خرىستىيانلارنىڭ ئادىتى ئىدى. بۇ چاغدا بىز ئۇنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى پەملىدۇق. ئۇنىڭ "كورىئانچە بولسۇن" دېگىنى يالغان بولۇپ چىقتى. نېمە قىلىشىمىزنى زادىلا بىلەلمەي بىر نەچچە سكونت ئۆتۈپ كەتتى، دەل موشۇ چاغدا تۇيۇقسىز يەر تەۋرەپ كەتتى. بۇ چاغدا مېھماندارچىلىققا كەلگەن مەن تونۇمايدىغان بىر ئوغۇل كۆزىگە ياش ئېلىپ :"ۋاي خۇدا! مانا بىز جازاسىنى تارتتۇق. ئۇ بىزنى ئالداپ خرىستىيان دىنىنىڭ ئادىتى بويىچە ھەممىمىزنى دۇئاغا قاتناشتۇردى، بىز بۇنى بىلدۇق، لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلمىسۇن دەپ كەسكىن رەت قىلماي، ئىككىلىنىپ تۇردۇق، بىز بۇ يەردە خۇدانىڭ بۇيرۇقىنى ئەمەس، ئىنسانىنىڭ كۆڭلىنى دەپ خاتالىق ئۆتكۈزدۇق، خۇدا بىزنى جازالاپ يەر تەۋرەتتى" دېدى-دە، "مېنىڭ جىددىي ئىشىم بار!" دەپ چىقىپ كەتتى.

بىر قىسمالا بولۇپ قالدىم.

يىللار ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى كورىئان تۇيۇقسىز بىر كۈنى پەيدا بولۇپ قالدى،

ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلدىم. تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن "مەن سىزگە زىيادە ئامراق، مەن سىزنىڭ بەختىڭىزگە كورىيە قائىدىسى بويىچە دۇئا قىلىپ قوياي" دەپ ئىككى قولنى ئىككى تەرەپكە يېيىپ دۇئا قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىر نەچچە مىنۇتلۇق دۇئاسى جەريانىدا ئۇنىڭ بىلەن ئارلىقىمنىڭ نەقەدەر يىراقلىقىنى، يەنىلا زادىلا تولدۇرۇپ بولغۇسىز بىر ھاڭنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ھېس قىلدىم....

**ئەمدى سىزگە سوئال:**

سىز چەتئەلدە ياشاۋاتىسىز، تامامەن باشقا بىر مەدەنىيەت ۋە دىن مۇھىتىدا ياشاۋاتىسىز. سىز چېركاۋلارنى كۆرۈش ئۈچۈن ئىچىگە كىرگىنىڭىزدە ياكى باشقا دىنىي مۇراسىملارنى كۆرگىنىڭىزدە ياكى يېقىن ئۆتىدىغان دوستىڭىزنىڭ دىنىي رەمىيەت ئۆتەۋاتقىنىنى ۋە ياكى ئىسلام دىنىدا چەكلەنگەن نەرسىلەرنى ئىشتىھا بىلەن يەۋاتقىنىنى كۆرگىنىڭىزدە، شۇ كىشى بىلەن قانداقتۇر بىر كۆزگە كۆرۈنمەس ئارىلىقنىڭ بارلىقىنى سېزەمسىز؟ مانا موشۇنداق مۇھىتتا ئۆزىڭىزنى تولىمۇ يىگانە ۋە غېرىپ ھېس قىلىپمۇ قالغانمۇ؟

**3- سوئال:**

**ئەدەبىيات ھەققىدە**

مەن سىزگە يازغان دەسلەپكى خېتىمدە سىزنى ئەدەبىياتچى دەپ تونۇيدىغانلىقىمنى ئېيتقانىدىم، لېكىن سىز ئۆزىڭىزنى بىر ئوقۇرمەن سۈپىتىدە تونۇشتۇردىڭىز. ھەر ئىككىلىمىز ئەدەبىياتقا، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلغۇچى سۈپىتىدە، "ئەدەبىياتتا تىما" مەسىلىسىنى چۆرىدەپ پاراڭلىشىپ باقايلى.

بۇ ھەقتە مېنىڭ ئالدىمدا مۇنداق بىر نەچچە دېتال تۇرۇپتۇ.

1) سىزنىڭ بۇ سۆھبەتكە يازغان جاۋابلىرىڭىز.

2) بىر كۈنى تاھىر ھامۇت تېلېفون قىلدى. مەن سىزگە خەت يازغانلىقىم، سىزنىڭ سۆھبەتكە قاتنىشىدىغانلىقىڭىزنى دېدىم. ئۇ تەبىئىي ھالدا سىز ھەققىدە سۆزلەپ بەردى ۋە سىزنىڭ يېقىندا بىر كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەنلىكىڭىز، بۇ كىتاب ئورگىنالىنى ئوقۇۋاتقانلىقىنى دېدى. ئۇ سىزنىڭ يېزىقچىلىق ئۇسلۇبىڭىز ھەققىدە توختىلىپ "رەپقەت ئۆز يازمىلىرىدا چوڭ گەپ قىلمايدۇ، ئومۇمىيلىق ۋە مىللەت ھەققىدە ھۆكۈملەرنى چىقارمايدۇ، بەلكى بىر شەخسنىڭ، بىر ئۇيغۇرنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىنى سەممىيلىك بىلەن يازىدۇ، بىز ئۇنىڭ مانا موشۇنداق شۇ سۇسىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلىشىدىن نۇرغۇنلىغان مەسىلىلەرنى ھېس قىلالايمىز" دېگەنگە ئوخشىغان پىكىرلەرنى دېدى. "بىر شەخسنىڭ ياشاش ھالىتىنى تەسۋىرلەش، خۇسۇسىي ھېس-تۇيغۇلارنى ئىپادىلەش" مەسىلىسى دەل مەن خېلىدىن بېرى ئويلاپ كېلىۋاتقان، لېكىن كاللامدا تازا روشەنلەشمىگەن بىر مەسىلە ئىدى. سەممىيلىك بىلەن دېگىنىمدە، بۇ ماڭا تازا تونۇش بولمىغان بىر يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى. چۈنكى مەن ئەقلىمنى تاپسام ئۇيغۇر ئەدەبىياتى "تىپىك مۇھىت، تىپىك پېرسوناژ ئارقىلىق قەھرىمان يارىتىش، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى تەسۋىرلەش، كىشىلەرنى بۇ ئارقىلىق تەربىيىلەش" تىن ئىبارەت بىر قېلىپتا داۋام قىلىۋاتقان ئىكەن.

3) بىزگە خېلى كۆپ ۋاقىت كەتكەن بىلەن، غەرب ئەدەبىياتى ئالىلقاچان بۇ باسقۇچتىن ئۆتكەن. "يىگانە ئادەم" "شۇ دەۋىر ياشلىرىنىڭ روھىي ھالىتىنى سەممىي پوزىتسىيەدە ئىپادىلىگەنلىكى ئۈچۈن" كىشلەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى.

مەن غەرب ئەدەبىياتى بىلەن چۈڭقۇر تونۇش ئەمەس، لېكىن مەن ۋۇللۇود كىنولىرىغا ئامراق. دۇنيادا، بولۇپمۇ ئۇيغۇرلاردا زىيادە ئالقىشلانغان "ۋەتەنپەرۋەر"، "قەيسەر يۈرەك" قاتارلىق فىلملەردىن مەلۇمكى، ھەر ئىككى فىلمنىڭ باش قەھرىمانى ئەسلىدە

**مۇستەملىكچىلەرگە قارشى تۇرۇشقا مەيلى يوق ئادەملەر. لېكىن بىرىنىڭ بالىسى، بىرىنىڭ بولغۇسى ئايالى مۇستەملىكچىلەر تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ئىنقىلاب سېپىگە قوشۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ۋەتەن تولىمۇ كونكرېت بىر ئۇقۇم. ئەلۋەتتە، دۆلىتىمىزنىڭ بۇنداق ئەسەرلىرىدە پېرسوناژ تىلى بىلەن ناھايىتى دەبدەبىلىك نوتۇقلار سۆزلىنىدۇ، ھاياجانلىق شۇئار ۋە قەسەملەر ئوقۇلىدۇ.... لېكىن ھەر ئىككىلا فىلىمدىن بىز بۇنداق ئامىللارنى ئۇچراتمايمىز. ھەتتاكى ئۇزۇنراق بىر نۇتۇقمۇ يوق.**

**بۇنىڭ كىشىگە نەقەدەر چىنلىق تۇيغۇسى بېغىشلايدىغانلىقى كىنودىن قالغان قايناق تەسىراتلاردا سۆزلەنمىسىمۇ، لېكىن ئۇ يۈرەككە تەسىر قىلىدۇ. مېنىڭچە بولغاندا، دۇنيادىكى مۇتلەق كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ، ۋەتەنپەرۋەرلەرنىڭ ۋەتەن ھەققىدىكى ئەڭ رېئال تەسەۋۋۇرلىرى مانا موشۇ ئىككى پېرسوناژغا ئوخشايدۇ. شۇڭىمۇ بىز ئۇنىڭدىن ئورتاقلىق تاپىمىز.**

**4) ئەدەبىياتىمىزدا مانا موشۇنىڭغا ئوخشىغان باش تېما ئىدىيىسى سىناق قىلىندى. بۇلاردىن ماڭا بىر قەدەر تونۇشلۇق بولغىنى، ئەسەت ئەمەت ۋە پەرھات تۇرسۇنلارنىڭ ئەسەرلىرى. پەرھات تۇرسۇن ئەسەرلىرىدىكى "تۇرمۇشتا سەرگۈزەشتە مەۋجۇت ئەمەس"، "ئۇ ئاناڭنى! بوپتۇ، مېنى ياراتمىغان بولسا باشقا بىرسىنى تېپىۋالسۇن!" دېگەن جۈملىلەر مېنى ھەم ھەيران قالدۇرغان ھەم سۆيۈندۈرگەندى. ھەيران قالغىنىم، مەن بۇنداق جۈملىلەرنى ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئۇچرىتىپ باقمىغان؛ سۆيۈنگىنىم، بۇ دەل مەن ئويلىغان، لېكىن دېيەلمىگەن گەپلەر ئىدى. خۇددى شۇنىڭدەك ئەسەت ئەمەتنىڭ ئەسەرلىرىمۇ شەخسنىڭ روھىي ھالىتىنى تەسۋىرلەشتىكى سەمىمىي ۋە ئەستايىدىل پوزىتسىيە بىلەن قارشى ئېلىندى.**

سىزگە سوئال:

ئۇنداقتا، مانا موشۇنداق "بىر شەخسنى سەممىي تەسۋىرلەش" بىلەن ئوقۇرمەن بولمىش "بىر شەخس" ئوتتۇرىسىدا ئىنسان تەبىئىتى نۇقتىسىدىن مەلۇم پىسخىك باغلىنىش بولغاچقا، ئۇ ئەسەر كىشىلەرنىڭ قارشى ئېلىشىغا ئېرىشەمدۇ؟ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ؟

سىز بىر ئوقۇرمەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىغا كۆيۈنگۈچى بولۇش سۈپىتىڭىز بىلەن "باش تېما" ھەققىدە ئۆزىمىزنىڭ خۇسۇسىي قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويالايمىز.

يېزىقچىلىق ھەققىدە ئۆز كۆز قارىشىڭىزنى سۆزلەپ باقامسىز؟

4- سۇئال

يەنە ئەدەبىيات ھەققىدە

ئۆتكەندە تاھىر ھامۇت تۇيۇقسىزلا "ئەدەبىيات بىز ئۈچۈن شۇنچىۋالا مۇھىممىدۇ؟" دەپ قالدى. مەن بۇ سۇئالنى ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ بىر ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىۋاتاتتى. شۇڭا مەن ئۇنىڭغا "كۆپچىلىك ئۈچۈن مۇھىم ياكى ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن، لېكىن مەن ئۈچۈن مۇھىمكەن. "دېدىم. بۇ گەپنى قىلىشتىن نەچچە ئاي بۇرۇن "ئىزدىنىش" تور بېتىدە "تاھىر ھامۇتنىڭ كىتابى ۋە باشقىلار" ناملىق يازمامدا ئۆزۈمنىڭ بەزى مەسىلىلەرگە بولغان قارىشىمنى شەرھىيلەپ مۇنداق دېگەنىدىم:

" مەن قانداقتۇر مىللەت ئۈچۈن ياكى باشقا بىرەر ئۇلۇغ غايە ئۈچۈن يېزىقچىلىق قىلىۋاتىمەن دەپ ئويلىمايمەن. سەۋەب بەك ئاددىي: بىرى ،بۇ- مېنىڭ كەسپىم؛ ئىككىنچىسى، مېنىڭ ھازىرچە موشۇنىڭدىن باشقا قىلالايدىغان ئىشىممۇ يوق؛ ئۈچىنچىسى، مەن بۇ ئارقىلىق مەنپەئەتكە، خۇشاللىققا ئېرىششىم مۇمكىن."

ئەمدى مەن سىزدىن شۇنداق بىر سۇئالنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ:

**ئەدەبىيات بىز ئۈچۈن شۇنچىۋالا مۇھىممۇ؟**

**ئەلۋەتتە بۇ سوئالنى بىر شەخسكە تەدبىقلاپ جاۋاب بېرىش ياكى كۆپچىلىككە تەدبىقلاپ جاۋاب بېرىش ئۆز ئىختىيارىڭىزدا.**

**(نەشرگە بېرىلىدىغان چاغدا كونكرېت ئادەم ئىسمى، جۈملىدىن "تاھىر ھاموت" دېگەن ئىسىم ئۆچۈرۈۋېتىلىدۇ)**

**5ـ سوئال:**

سىز بۇ يازمىڭىزدا غەرب ياشلىرىنىڭ ئاتا-ئانىغا بولغان قارشىنىڭ بىزنىڭكىگە ئوخشاپ كەتمەيدىغانلىقىنى تىلغا ئاپسىز. گېرمانىيىدىن گۆھەرمۇ دەل سىزنىڭكىگە ئوخشاش باياناتلارنى ئەۋەتكەنىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ھەتتا خېلى كۆپ ياشلار سۆيگىنى بىلەن ئاتا-ئانىسىدىن سۆيگىنىنى مۇھىم ئورۇنغا قويىدىغان ئەھۋاللارمۇ بار ئىكەن. بىزدە دەل ئەكسىچە بولىدۇ. بىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئىتىمىزدە مەخسۇس ئاتا-ئانا تېمىسى خېلى مۇھىم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. "ئۇيغۇردا ئاتا-ئانىنى مەدھىيلىمىگەن بىرمۇ شائىر ۋە ناخشىچى يوق" دېسەكمۇ مۇبالىغە بولماس. لېكىن غەربنىڭ ناخشىلىرىدا تا ھازىرغىچە ئاتا-ئانا تېمىسىنى ئۇچرىتىپ باقمىدىم. ئەلۋەتتە، بولۇشى مۇمكىن، لېكىن بەك ئاز بولسا كېرەك.

نېمىشقا بۇنداق ئىككى خىل كۆز قاراش ۋە ھالەت شەكىللىنىدۇ؟ نېمىشقا شەرق خەلقلىرى، بولۇپمۇ تۈركىي مىللەتلەردە ئاتا-ئانا تېمىسى شۇنچىۋالا كۆپ ئۇچرايدۇ؟